
چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# چوغلۇق قىز

ئالېكساندىر دىيوما [فرانسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات

ئىرجان تۇلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: تۇرغۇنجان تۇنىياز

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 978-7-80658-905-2

9 787806 589052 >


باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# چۈغلۈق قىز

ئالىكساندىر ديوما [فرانسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت



图书在版编目（C I P）数据

茶花女／（法）小仲马(Dumas,A.)著;思文改编；吾斯曼江·沙吾提译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2009.6
ISBN 978-7-80658-905-2
Ⅰ.茶… Ⅱ.①小…②思…③吾… Ⅲ.长篇小说－法国－近代－缩写本－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I565.44

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第037194号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**چۈغلۈق قىز**

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2009 ـ يىل 8 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
فورماتى: 787×970 mm 1/32: باسما تاۋىقى: 7.25
ISBN 978-7-80658-905-2

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：茹鲜古丽·吐尔逊
美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流
责任校对：艾比布拉·艾力
吐尔洪·吐尼亚孜
审　　定：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

茶花女（维文）

吾斯曼江·沙吾提　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006年5月第1版　2009年8月第2次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：7.25
ISBN 978-7-80658-905-2

定价：7.50元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991－4521461

1

1847 ـ يىلى 12 ـ مارت كۈنى، مەن رافىت كوچى-سىدا سىرىق رەڭلىك چوڭ بىر پارچە قەغەزگە يېزىلغان ئېلاننى كۆرۈپ قالدىم. ئېلاندا ئۆي جاھازلىرى بىلەن كۆپ مىقداردىكى قىممەت باھالىق زىبۇزىننەت بۇيۇم-لىرىنىڭ كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلىدىغانلىقى ئېيتىل-لىپتۇ. بۇ قېتىمقى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش مال ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەن شارائىتتا ئۆتكۈزۈلىدىكەن، ئې-لاندا مال ئىگىسىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى تىلغا ئېلىن-مىغان بولۇپ، پەقەتلا كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشنىڭ 16 ـ مارت چۈش سائەت 12 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت بەشكىچە ئانتان كوچىسى 9 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە ئۆتكۈزۈ-لىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

ئېلاندا يەنە 13 ـ ۋە 14 ـ مارت كۈنلىرى تۇرالغۇ ئۆي بىلەن ئۆي جاھازلىرىنى كۆرۈشكە بولىدىغانلىقى قوشۇمچە قىلىنغانىدى.

ھالبۇكى، مەن ئەزەلدىن قىممەت باھالىق زىبۇزىن-نەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەۋەسكارى ئىدىم. بۇ ياخشى پۇر-سەتنى ئەسلا قولدىن بەرمەسلىكىم، ئالمىسامۇ، ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىشىم كېرەك ئىدى.

ئەتىسى مەن ئانتان كوچىسى 9 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە باردىم.

ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى. لېكىن ئۆيدە جاھازلارنى كۆرگىلى كەلگەنلەر، ھەتتا بىرمۇنچە ئاياللارمۇ بار ئىدى. بۇ ئايال مېھمانلار ئۇستىگە ماشۇقتىن كىيىم كىيىپ، مۇرىلىرىگە كەشمىر يېپتىن توقۇلغان يېپىنچا ئارتىۋالغان بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى تۆت چاقلىق كاتتا پەيتۇنلار كۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار ھەيران بولۇش، ھەتتا خۇشتارلىق نەزەرى بىلەن كۆز ئالدىدا تۇرغان ئېسىل تىزىلما بۇيۇملارغا نەزەر سالاتتى.

كۆپ ئۆتمەي، مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەيران بولغانلىقى ۋە ماختىغانلىقلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ يەتتىم.

ئۆيدىكى جاھازلار كاتتا ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى، بور نەققاشچىلىق ئۇسلۇبىدا قىزىلگۈل ياغىچىغا نەقىشلەپ ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، سەيفور بىلەن جۇڭگونىڭ گۈللۈك لوڭقىلىرى، ساكسونىيىنىڭ كىچىك ھەيكەللىرى، تاۋار ـ دۇردۇنلار، ماشۇق ۋە گۈلدار چىلتەكلەر قانچىلىك كېرەك بولسا شۇنچىلىك تېپىلاتتى.

مەن پارس چىمىلدىقلىرى ئېسىۋېتىلگەن بىر ئۆيگە كىرىپ، بۇ ئۆينىڭ پەرداز قىلىش ئۆيى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ئۆيدە ھەر خىل ئېسىل پەرداز بۇيۇملىرى تىزىۋېتىلگەنىدى. بۇ پەرداز بۇيۇملىرىدىن

ئۆلگۈچىنىڭ ئىلگىرى تولىمۇ ھەشەمەتخور كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

كەڭلىكى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بىر شىرە تامغا سىغداپ قويۇلغانىدى. ئۇ كۆك ۋە ئودىئولاردا ياسالغان خىلمۇخىل جاۋاھىراتلار شىرەنىڭ ئۈستىدە ۋالىلداپ كۆزنى راسا ئالا چەكمەن قىلىپ تەڭداشسىز گۈزەللىك پەيدا قىلىۋەتكەنىدى. مىڭ پارچىدىن ئاشىدىغان بۇ بۇيۇملار بۇ يەرنى كۆرۈشكە كەلگەن ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەرداز قىلىشنىڭ زۆرۈر بۇيۇملىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن ياسالغانىدى. يەنە كېلىپ، بۇ بىر پاتمان بۇيۇملارنى پەقەت بىر ـ بىرلەپ توپلاشقىلا بولاتتى، شۇنداقلا بۇ بۇيۇملار مەلۇم بىر كىشى ئۆزى يالغۇز توپلىيالايدىغان بۇيۇملار ئەمەس ئىدى.

مەن بۇ نەپىس نەقىشلەنگەن بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان ھەر خىل كىشى ئىسىملىرىنىڭ باش ھەرپلىرى بىلەن رەڭگارەڭ مۆھۈرلەرنىڭ بەلگىلىرىنى بايقاپ قالدىم.

كۆز ئالدىمدىكى بۇ نەرسىلەردىن، ئۆزۈمنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بىر پاھىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىمنى بايقاش تەس ئەمەس ئىدى.

مەن بۇ نەرسىلەرگە قاراپ تۇرغىنىمدا، ھەربىر

پارچە بۇيۇم ماڭا ئاشۇ بىچارە قىزنىڭ بىر قىيتىملىق تەن سېتىشىنى ئەسلىتەتتى.

ھازىر بۇ تۇرالغۇدىكى پاھىشە ئايال ئالىلىقاچان ئۆلگەن، ئۆلۈم بۇ ھەشەمەتلىك، ئەمما ئىپلاس سورۇندىكى بەتبۇيلارنى پاك ـ پاكىز تازىلىۋەتكەندى.

ۋاقىت مېنىڭ چوڭقۇر خىياللىرىمغا ئەگىشىپ ئۇن ـ تىنسىز يوقىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۆيدە مەن بىلەن يەنە دەرۋازىۋەنلا قالغان ئىدۇق. ئىشىك ئالدىدا تۇرۇۋالغان دەرۋازىۋەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئوغرىلاپ كېتىشىمدىن ئەندىشە قىلغاندەك، مېنى قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇراتتى.

— ئەپەندىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — سىز ماڭا ئەسلىدە بۇ يەردە تۇرغان مېھماننىڭ ئىسىم ـ شەرىپىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— مارگارىت گېدئەي خېنىم!

— ئۇ قاچان ئۆلگەن؟

— ئۈچ ھەپتە بولغاندۇ.

— ئەمىسە، نېمىشقا ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىسىلەر؟

— ئۇنىڭدا ئېلىشى بارلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلغاندا باھانى ئۆستۈرگىلى بولارمىش.

— دېمەك، ئۇ قەرزدار ئىكەندۇقتە؟

— ۋاي ئەپەندىم، ئۇنىڭ نۇرغۇن قەرزى بار.

— ئۇنىڭ زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرىنى ساتقان پۇل بىلەن قەرزى تۈگەيدىغاندۇ؟

— قەرزىدىن ئېشىپ قالىدۇ، ئاشقىنى بالا - چا- قىلىرىغا بېرىلىدۇ.

— ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ بارمۇ؟

— باردەك قىلىۋاتقان.

مەن دەرۋازىۋەنگە رەھمەت ئېيتىپ، چىقىپ كەتتىم.

— بىچارە قىز، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، كېتى- ۋېتىپ، — ئۇ چوقۇم پاجىئەلىك هالدا ئۆلۈپتۇ - دە، چۈنكى، بۇنداق تۇرمۇش يولىدا پەقەت تەن سالامەت بول- غاندىلا ئاندىن دوستقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەندە ئىخ- تىيارسىز هالدا مارگارىتنىڭ تەقدىرىگە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

## 2

ئۇ دەل مېنىڭ سىرتقى جايلارنى ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن ۋاقتىم ئىدى. بىر كىشى كوچا خەۋەر- لىرى كۆپ پايتەختكە كەلگىنىدە، باشقىلار هامان بىر- مۇنچە مۇهىم خەۋەرلەرنى ئېيتىپ بېرىشىدۇ، لېكىن مارگارىتنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى قانداقتۇ زور بىر ئىش تەرىقىسىدە هېچكىم ماڭا ئېيتىپ بەرمىدى.

لېكىن مەنچۇ؟ گەرچە مارگارىتنىڭ ئۆيىدىكى

بۇيۇملارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئىس-
مىمنىڭ باش ھەرپى يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەن
باياتىن تەن ئالغان ئاشۇنداق بىر تەبىئىي كەڭ قور-
ساقلىق ۋە تۇغما ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى تۈپەيلىدىن
ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاققىچە ئۇنتۇيالماي كەتكەنىدىم،
بەلكىم، ئۇ مېنىڭ بۇنداق سېغىنىپ كېتىشىمگە ئەر-
زىمەس.

ئىلگىرى مارگارىتنى ئىپار قوۋالشر كوچىسىدا
ھەمىشە ئۇچرىتىپ تۇرغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ
ئىككى قوڭۇر رەڭ ئارغىماق قوشۇلغان كۆكۈش رەڭلىك
تۆت چاقلىق پەيتۇنىسىمان ھارۋىغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ھەر
كۈنى دەل ۋاقتىدا ئۇ يەرگە كېلەتتى. شۇ چاغلاردا مەن
ئۇنىڭ ئۆز خىلىدىكى كىشىلەرگە ئانچە ئوخشىمايدى-
غانلىقىنى، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئۆزىگە خاس
ھۆسندارلىقنىڭ ئۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ تۇرىدىغانلى-
قىنى كۆرۈپ يەتكەنىدىم.

ئۇ ھەمىشە ھارۋىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئىپار قوۋالشر
كوچىسىغا باراتتى، ئىمكان بار باشقىلارغا چېلىقماس-
لىققا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن تونۇش كىشىلىرى
بولسىمۇ، ئۇلارغا مۇنداقچىلا بىر كۈلۈپ قوياتتى، لې-
كىن بۇ پەقەت بىر گېرتسوگ خانىمغىلا خاس كۈلكە
ئىدى، يەنە كېلىپ بۇنداق كۈلكىنى پەقەت گېرتسوگ-
لارنىڭ ئۆزلىرىلا بايقىيالايتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ھەۋەسكەسپلىرىگە ئوخشاش يۇ-مىلاق شەكىللىك مەيدان بىلەن ئىپار قوۋالشىر كوچىسى ئېغىزىدا سەيلە قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغانىدى.

ئۇنىڭ ئىككى يورغا ئېتى ئۇنى شەھەر سىرتىدىكى بۇرۇنى ئورمانلىقىغا ئۇچقاندەك ئېلىپ باراتتى. ئۇ بۇ-رۇنىدا ھارۋىدىن چۈشەتتى ـ دە، بىر سائەت سەيلە قىلىپ ماڭاتتى، كېيىن يەنە يېڭىۋاشتىن ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، چاپقان پېتى ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى مىنىڭ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم بولۇپ، تا بۇگۈنگىچە بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمدا ھازىرقىدەك نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ.


مەن بۇ قىزنىڭ قىرچىن تالدەك قىيىلغانلىقىغا، خۇددى كىشىلەر نەپىس بىر سەنئەت بۇيۇمىنىڭ نابۇت بولغىنىغا ئېچىنغاندەك تولىمۇ ئېچىندىم.

ئۇ ھەر ئاخشىمىنى ھەمىشە تىياتىرخانا ياكى تانسىخانىلاردا ئۆتكۈزىدىكەن. پەقەت يېڭى تىياتىر قويۇل-غاندىلا بولسا، ئۇنى چوقۇم تىياتىرخانىدا كۆرگىلى بو-لىدىكەن. ئۇ ھەمىشە ئۈچ نەرسىنى، يەنى دۇربۇن، بىر خالتا قىيامغا مىلەنگەن مېۋە ۋە بىر دەستە چۈغلۇق-گۈلنى يېنىدىن ئايرىماي بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن، يەنە كېلىپ بۇ نەرسىلەرنى ھەمىشە تىياتىرخانىنىڭ بىـ-رىنچى قەۋىتىدىكى ئايرىمخانىنىڭ ئالدى ۋادىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويىدىكەن.

ماركارىتىنىڭ ئېلىپ يۈرىدىغان چوٗغلوٗقگۈلىنىڭ رەڭگى بىر ئاينىڭ 25 كۈنىدە ئاق، قالغان بەش كۈنىدە بولسا قىزىل بولىدىكەن. گۈل رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلىپ يېتەلمەيدىكەن، ئۇنىڭدىكى سىرنى ھەتتا مەنمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ئۇ ھەمىشە بارىدىغان ئاشۇ بىرنەچچە تىياتىرخانىنىڭ قەدىناس تاماشىبىنلىرى بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش بۇ ھادىسىگە دىققەت قىلىشقانىدى.

ئۇنىڭ چوٗغلوٗقگۈلىدىن باشقا يەنە بىرەر گۈلنى ئېلىپ يۈرگەنلىكىنى ئەزەلدىن ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. شۇڭا، ئۇ ھەمىشە بېرىپ گۈل ئالىدىغان بارون خانىمنىڭ گۈل دۇكىنىدىكىلەر ئۇنىڭغا «چوٗغلوٗق قىز» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان، كېيىن بۇ لەقەم كەڭ تارىلىپ كەتكەن ئىكەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، پارىژنىڭ مەلۇم بىر تەبىقىسىگە تەۋە كىشىلەرگە ئوخشاش، مەنمۇ ماركارىتىنىڭ بىرمۇنچە ياش بەرنا يىگىتلەرنىڭ ئاشنىسى بولغانلىقىنى بىلەتتىم، ئۇ بۇ ئىشلارنى زادىلا يوشۇرمايدىكەن، ئۇ ياشلارمۇ بۇ ئىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شان ـ شەرەپ دەپ بىلىشىدىكەن، دېمەك، ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن تولىمۇ رازى ئىكەن.

ۋەھالەنكى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر قېتىم بانېر سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاكى ئۈچ



يىلغىچە پەقەت بىرلا چەت ئەللىك قىرى گېرتسوگ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەنمىش. بۇ قىرى گېرتسوگ مىليونىر بولۇپ، ئۇ مارگارىتنى ئىمكانقەدەر ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشىدىن ئادا ـ جۇدا قىلماقچى بوپتىكەن. يەنە كېلىپ، قارىغاندا، ئۇمۇ قىرى گېرتسوگقا ئىتائەت قىپتىكەن.

ئۇ، 1842 ـ يىلى باھاردىكى ئىش بولۇپ، مارگارىتنىڭ سالامەتلىكى تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن ئىكەن، دوختۇر ئۇنىڭغا ئارىشاڭغا بېرىپ داۋالىنىشنى تاپىلىغاچقا، ئۇ بانېرغا بارغان.

بانېردىكى كېسەللەرنىڭ ئىچىدە، بىر گېرتسوگنىڭ قىزى بار بولۇپ، ئۇ مارگارىتقا ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مارگارىتقا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. بىراق مارگارىت بانېرغا كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئۇ قىز ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى سەھەردە گېرتسوگ بىر كىچىك يولنىڭ دوقمۇشىدا مارگارىتنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ـ دە، خۇددى ئۆز قىزىنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز ياشلىرىنى تارام ـ تارام تۆككەن ھالدا ئۇنى قۇچاقلىۋاپتۇ، ھەتتا مارگارىتنىڭ كىملىكىنى سوراپمۇ باقماستىن، ئۇنىڭدىن ئۇنى يوقلاپ بېرىشقا، ئۆزىنىڭ ئۇنى ئالەمدىن ئۆتكەن قىزىنى سۆيگەندەك سۆيۈشكە ئىجازەت بېرىشنى ئۆتۈنۈپ

سوراپتۇ.

مارگارىت ھەتتا گېرتسوگنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇ-رۇشىدىكى بىردىنبىر ھايات شامىغا ۋە تايانچ تۈۋرۈكىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. گېرتسوگ مارگارىتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئەيىبلىمەپتۇ، پەقەتلا ئۇنىڭغا: ناۋادا سىز ئۇنداق تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەر-تىشنى خالىسىڭىزلا، مەن سىزنىڭ زىيانلىرىڭىزنى تۆلەپ بېرىمەن، نېمىنى خالىسىڭىز ئالدىڭىزدا شۇ تەييار بولىدۇ، دەپتۇ.

مارگارىت بۇ گەپلەرگە ماقۇل بوپتۇ.

دەرۋەقە يازنىڭ ئاخىرلىرى، كۆزنىڭ بېشىدا داۋالان-غانلىقى ۋە نورمال تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، مارگارىتنىڭ سالامەتلىكى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەسلىگە كەپتۇ.

گېرتسوگ مارگارىتقا ھەمراھ بولۇپ، پارىژغا قاي-تىپ كەپتۇ، ئۇ يەنىلا بانېردىكىگە ئوخشاش مارگارىتنى ھەمىشە يوقلاپ تۇرۇپتۇ.

ئۇلارنىڭ بۇنداق مۇناسىۋىتىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنى باشقىلار بىلمىگەچكە، بۇنداق مۇناسىۋەت پارىژدا زور زىلزىلە پەيدا قىپتۇ-دە، گېرتسوگ توغرىسىدا خىلمۇ-خىل قىياسلار پەيدا بوپتۇ.

لېكىن پارىژغا قايتىپ كېلىشى بىلەنلا راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ، كەيپ-ساپاغا ئۆگىنىپ قالغان

قىزنىڭ كونا خۇيى يەنە قوزغىلىپ، ئۆتكەنكى ئاشۇ ئوتتەك قايناق ھاياتنىڭ كۆچلۈك يالقۇنلىرى ئۇنىڭ كاللىسى بىلەن قەلبىنى بىراقلا چۇلغىۋاپتۇ.

گېرتسوگنىڭ دوستلىرى گېرتسوگ مارگارىت بىلەن بىللە بولسا ئۇنىڭ نامىغا داغ چۈشۈپ قالىدۇ دەپ، مارگارىتنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار گېرتسوگقا مارگارىتنىڭ دەل گېرتسوگ ئۆزىنى كۆرگىلى بارمىغان ۋاقىتنى تېپىپ باشقىلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تاكى ئىككىنچى كۈنىگىچە بىللە بولغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان گېرتسوگنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازابلىنىپتۇ.

گېرتسوگ مارگارىتنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ ئەھۋاللارنى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ، مارگارىت بولسا ھەممىنى بويىنىغا ئاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرتسوگقا مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلالمىدىم، دېمەك، مەن بىر ئالدانغان كىشىنىڭ ياخشى نىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن، دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن گېرتسوگ بىر ھەپتىگىچە ئۆيىدىن تالا - تۈزگە چىقماپتۇ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئامالى يوق ئىكەن. سەككىزىنچى كۈنىگە بارغاندا، گېرتسوگ كېلىپ مارگارىتتىن يەنىلا ئۆتكەنكىدەك مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ سوراپ، پەقەت مارگارىت بىلەن

كۆرۈشۈپ تۇرالايدىغانلا بولسا، مارگارىتنىڭ ئۆز خاھىـ
شى بويىچە ئىش قىلىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈـ
رۈپ، جىنىمنى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمدى سىزنى
زادىلا ئەيىبلەيدىغان بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايمەن، دەپ
قەسەم قىپتۇ.

مانا بۇ مارگارىت پارىژغا قايتىپ كەلگەندىن كېـ
يىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئىدى.

3

16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە مەن ئانـ
تان كوچىسىغا باردىم. دەرۋازا ئالدىدىلا كىمئارتۇق قىـ
لىپ ساتقۇچىنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۆي ئىچىگە قىزىقسىنغان كىشىلەر تولۇپ كەتـ
كەنىدى.

ھەننىۋا سەتەڭلەر كوچىلىرىنىڭ داڭدار سەتەڭلىرى
بۇ يەرگە كېلىشكەنىدى، بىرنەچچە ئېسىلزادە خانىم
ئۇلارغا ئوغرىلىقچە زەن سېلىپ قارىماقتا ئىدى. ئۇلار
بۇ قېتىم كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش يىغىلىشىغا
قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى بىلەن
ئەزەلدىن باردى ـ كەلدى قىلىش پۇرسىتى بولمىغان بۇ
ئاياللارغا سەپسېلىپ قاراپ باقالايتتى، بەلكىم ئۇلار بۇ
ئاياللارنىڭ ئەركىن ـ ئازادە، شاللاق، راھەت ـ پاراغەتلىك
تۇرمۇشىغا ئىچىدە ھەۋەس قىلىۋاتقان بولۇشىمۇ



مۇمكىن ئىدى.

ئېغىزغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، شۇ چاغدا ھەممەيلەن قىن - قىنىغا سىغمىغۇدەك دەرىجىدە خۇشال ئىدى. ئاياللار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆل-گۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكى تونۇشلىرى بولسىمۇ، لې-كىن شۇ تاپتا ئۆلاردا ئۆلگۈچىگە قارىتا قىلچىمۇ سې-غىنىش تۇيغۇسى يوق ئىدى.

كۆپچىلىك يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلاشماقتا، كۈلۈش-مەكتە ئىدى. كىمئارتۇق قىلىپ ساتقۇچى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، جار سالماقتا ئىدى.

مەن ئۇندىمەستىن بۇ قالايمىقان ئادەملەر توپىغا سىغدىلىپ كىردىم. مەن ئۆزۈمنى بىرەرنەرسە سېتىۋال-غىلى كەلدىم دېگەندىن كۆرە، تاماشا كۆرگىلى كەلدىم دېگىنىم توۋرۇك ئىدى.

ئۇزۇن كۆڭلەك، كەشمىر يېپتىن توقۇلغان مۇرد-لىك، زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بىردەمدىلا سېتى-لىپ تۈگىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ بۇنداق تېز سېتىلىپ بولغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيتتى، لې-كىن مەن ئىشلەتكۈدەك بىرەر نەرسىمۇ يوق ئىدى.

مەن بىردىنلا بىراۋنىڭ ۋارقىراۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم:

— بىر دانە قاتتىق مۇقاۋىلىق، نەپىس تۈپلەنگەن، چۆرىلىرىگە ئالتۇن يالىتىلغان كىتاب، كىتابنىڭ ئىسمى «مارون رېيىسكو»، تىتولىغا بىرنەچچە قۇر خەت يېزىلغان.

باھاسى 10 فرانك.

— 12 فرانك.

— 15 فرانك، — دېدىم مەن.

بۇ كىتاب بىردىنلا تالاش - تارتىش ئوبيېكتىغا ئاي-لىنىپ قالدى.

— 100 فرانك، — مېنىڭ ئاخىرقى قېتىم قويغان باھايىم باھا تالىشىۋاتقان رەقىبىمنى بېسىۋەتتى، كىتاب ماڭا تەئەللۇق بولدى.

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەم ئەۋە-تىپ مەن سېتىۋالغان ھېلىقى كىتابنى ئەكەلدۈردۈم.

كىتابنىڭ تىتولىدا تەقدىم قىلغۇچى سىياھ قەلەم بىلەن يازغان چىرايلىق ئىككى قۇر خەت بار ئىدى.

*«مارۇندىن مارگارىتقا:*

*خىجالەتمەن.»*

تۆۋەن تەرەپكە ئارماند دىۋار دەپ ئىمزا قويۇلغانىدى.

«خىجالەتمەن» دېگەن بۇ سۆز بۇ يەردە نېمە مەنىدە قوللىنىلغان؟

مەن مارگارىتنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ئەھۋالى-دىن خەۋەردار دوستلىرىدىن ئاڭلىشىمچە، مارگارىت ئىككى ئايغا سوزۇلغان چەكسىز ئازابلىق سەكرات مەز-گىلىدە، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ تۆشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئازراقمۇ تەسەللى بېرىپ قويماپتۇ.

ۋاي بىچارە بايقۇش!

## 4

ئىككى كۈندىن كېيىن كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى. شۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن كېيىنكى بىر سەھەردە، ئېگىز بويلۇق، سېرىق چاچلىق ئارماند دىۋار مېنىڭ ئىشىكىمنى چەكتى.

ئۇ سەپەر كىيىمى كىيىۋالغان بولۇپ، ئۈستىۋېشىنى پۈتۈنلەي توزان باسقانىدى.

دىۋار ئەپەندى تولىمۇ ھاياجانلانغانىدى، ئۇ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ تۇرغان ھالدا، ماڭا تىترەڭگۈ ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— ئەپەندىم، ئۈستىۋاشلىرىم بىسەرەمجان ھالدا بىھۆرمەتلىك بىلەن ئالدىڭىزغا كەلگىنىمنى ئەپۇ قىلىڭ. مەن يۈك ـ تاقلىرىمنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويۇپلا، دەرھال سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلدىم. ۋاقىت تېخى بالدۇر بولسىمۇ، مەن يەنىلا سىزنى ئۈچرىتالماي قالىمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم.

مەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ئولتۇرغاچ يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ، يۈزلىرىنى بىر ھازاغىچە ئېتىۋالدى.

— سىز چوقۇم چۈشەنمەيسىز، — دېدى ئۇ ئاھ ئۇرغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان بىر ئادەم، بۇنداق ۋاقىتتا، مۇشۇنداق

كىيىملەرنى كىيىپ، يىغلاپ پۇچىلانغان مۇشۇ ئەپتى بىلەن ئالدىڭىزغا كەلسە، ئۇ سىزگە قانداق تەلەپلەرنى قويۇشى مۇمكىن؟

— مەرھەمەت، سۆزلەڭ ئەپەندىم، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن.

— سىز مارگارىت گېدئەي ئائىلىسىدىكى كىمـ ئارتۇق قىلىپ سېتىشقا قاتناشتىڭىزمۇ؟

مارگارىتنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەنلا، بۇ ياش يىـ گىت ئاران بېسىۋالغان ھاياجانلىق كەيپىياتىنى يەنە تىزگىنلىيەلمەي قالدى ـ دە، ئىككى قولى بىلەن ئىخـ تىيارسىز ھالدا كۆزىنى ئېتىۋالدى.

دىۋار ئەپەندىنىڭ دەرد ـ ئەلىمى ھەقىقەتەنمۇ كىشىـ نىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى.

— سىز مارگارىتنىڭ مال ـ مۈلكىنى كىمئارتۇق قىلىپ ساتقاندا، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — «مارون رېيسكو» دېگەن كىتابنى ئالغانمىدىڭىز؟ ئەدەپـ سىزلىكىم ئۈچۈن سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سو-رايمەن، ئەپەندىم.

— ھەئە، ئالغان، ئەپەندىم، بۇ كىتاب ھازىرمۇ ياتاق ئۆيۈمدە تۇرۇپتۇ.

ئارماند دىۋار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يەلكىسىدىكى ئېـ غىر يۈك غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىكلەپ قالدى.

مەن ئۇنىڭغا كىتابنى سۇنۇپ بەرگەندىن كېيىن،

ئۇ بىر تەرەپتىن «مۇشۇ كىتاب شۇ» دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن تىتولدىكى بېغىشلىما سۆزىگە قاراپ قويۇپ كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى.

كىتابنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يوغان ئىككى تامچە ياش كىتابنىڭ ۋاراقلىرىغا تامچىلاپ چۈشتى.

— ئۇنداق بولسا، ئەپەندىم، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يىغلىغانلىقىنى، ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ يىغلىۋېتەي دەپلا قىلىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇش پۈتۈنلەي ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى.

— مەن سىزدىن بۇ كىتابنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

— بۇ كىتاب سىزگە تەۋە بولدى، ئەپەندىم. سىز ئېلىپ كېتىۋېرىڭ.

— مەن بۇ كىتابنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندىلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن.

كەينىدىنلا ئارماند ماڭا ئۆزىنىڭ مارگارىتنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشقا ئۇلگۇرۈپ كېلەلمىگەنلىكىنى، ئاخىر كىمئارتۇق قىلىپ ساتقۇچىنىڭ يېنىغا بېرىپ، «مارون رېيسكو» دېگەن بۇ كىتابنىڭ دېرىكىنى ئالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇ مەن بۇ كىتابنى سېتىۋالغان پۇلنى تۆلىۋېتەمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

— ئەپەندىم، — دېدىم مەن، — ئۇ قېتىمقى

كىمئارتۇق قىلىپ سىتىشتا نىمە ئىلىشىمنى مەنمۇ بىلمەيتتىم، پەقەت ئاخىرىغا كەلگەندە بىر ئەپەندى مەن بىلەن جىننىڭ بارچە باھا تالىشىپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ بىردەملىك خۇشاللىقىمدا بۇ كىتابنى سىتىۋالغانىدىم. مەن يەنە بىر قىتىم ئىيتاي، بۇ كىتاب سىزنىڭ بولدى ھەمدە مەن سىزنىڭ بۇ كىتابنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى يەنە بىر قىتىم ئۆتۈنۈپ سورايمەن، كىتابنى كىمئارتۇق قىلىپ ساتقۇچىنىڭ قولىدىن سىتىۋالغانغا ئوخشاش، سىزمۇ مىنىڭ قولۇمدىن سىتىۋالماڭ. مەن يەنە بۇ كىتابنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنى-تىشقا ياردەم بىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— تولىمۇ ياخشى بولدى، ئەپەندىم، — دىدى ئارماند مىنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — بوپتۇ، مەن قوبۇل قىلدىم. سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ قەلبىمدە ساقلاپ، ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن.

مىنىڭ ئارماندتىن مارگارىتقا دائىر ئىشلارنى بەك سوراپ باققۇم كەلسىمۇ، لىكىن بۇ مىھمىنىمدىن يەڭگىللىك بىلەن بۇ ئىشلارنى سوراپ بىقىشقا پىتىنالمىدىم.

ئۇ مىنىڭ كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمنى قىياس قىلدى بولغاي، ماڭا مۇنداق دىدى:

— سىز مەن يازغان ئىككى قۇر بىغىشلىما خەتنىڭ قانداق مەنىسى بارلىقى توغرىسىدا ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— مەن بۇ ئىككى قۇر خەتنى كۆرۈپلا شۇنى بىلدىمكى، سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە سىز تەقدىم قىلغان كىتابنى قوبۇل قىلغان ئاشۇ بىچارە قىز ھەقىقەتەنمۇ كارامەت قىز ئىكەن، چۈنكى، مەن بۇ ئىككى قۇر خەتنى ئادەتتىكى ماختاش سۆزلىرى دەپ قارىمايمەن.

— دېگىنىڭىز توغرا، بۇ قىز بەئەينى بىر پەرىشتىنىڭ ئۆزى، بۇنى كۆرۈپ بېقىڭا! — ئۇ ماڭا تالاي قېتىم ئوقۇلغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرغان بىر پارچە خەتنى بەردى.

مەن خەتنى ئېچىپ قارىسام، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان ئىكەن:

*«سۆيۈملۈك ئارماند، خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم، سېنىڭ قەلبىڭ ئىلگىرىكىدەكلا بىغۇبار ئىكەن. مەن ھەقىقەتەنمۇ تەڭرىگە رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك. شۇنداق، دوستۇم، مەن كېسەل بولۇپ قالدىم. يەنە كېلىپ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. لېكىن سەن ماڭا يەنىلا شۇنداق غەمخورلۇق قىلىۋاتىسەن، بۇ مېنىڭ ئازابىمنى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىۋەتتى. مەن بەلكىم ئۇزاق ياشىيالماسمەن. مەن ھېلىلا سېنىڭ كىشىنى شۇنچىلىك ھاياجانلاندۇرىدىغان خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم، بىراق مەن خەت يازغان كىشىنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم سىقىش بەختىگە ئىگە ئەمەسمەن. ناۋادا مېنىڭ*

كېسىلىمگە شىپا بولىدىغان قانداقتۇر بىرەرنەرسە بار دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ بۇ خەتتىكى سىنىڭ سۆزلىرىڭ. مەن گەمدى سىنى قايتا كۆرەلمەيمەن. ئىككىمىزنىڭ ئا-رىلىقىدا مىڭ چاقىرىملىق مۇساپە بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ساناقلىقلا كۈنۈم قالدى. بىچارە دوستۇم! سى-نىڭ مارگارىتىڭ ھازىر ئۆتمۇشتىكىگە مۇتلەق ئوخ-شىمايدىغان مارگارىت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھازىرقى بۇ ئەپتىنى ساڭا كۆرسەتكەندىن كۆرە، كۆرسەتمەي قويغانلا تۈزۈك. مېنىڭ كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتقىنىمغا بىر ئاي بولدى، مەن سىنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمەت ـ ئىپتىرا-مىڭنى تولىمۇ چوڭ بىلىمەن. شۇڭا مەن ھەر كۈنى كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ كەلدىم، مەن ئۇنى بىز ئاي-رىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى مەن قولۇمغا قەلەم ئالال-مايدىغان بولغانغا قەدەر يېزىپ كەلدىم.

ناۋادا سەن ماڭا راستىنلا كۆيۈنىدىغان بولساڭ، ئارماند، سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ژيۇل دىپۇلار-نىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ ساڭا بۇ خاتىرىلەرنى بېرىدۇ. سەن بۇ خاتىرىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىككىمىز ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە مېنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھلىرىمنى تاپالايسەن. ژيۇل مېنىڭ ھالىمدىن ناھا-يىتى ياخشى خەۋەر ئالدى، بىز ھەمىشە سەن توغرۇلۇق سۆزلىشەتتۇق.

ناۋادا بىز سىنىڭ جاۋاب خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالالمىساق،

ژيۇل سەن پارىژغا قايتقان چېغىڭدا بۇ خاتىرىلەرنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ. ناۋادا سەن بۇ خاتىرىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەپۇ قىلساڭ، بۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تەسەللىگە ئېرىشىش بولىدۇ.

دوستۇم، چۈشەندىڭمۇ؟ مەن يات ئارىدا بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالىشىمەن. ياتاق ئۆيۈمدە يېتىپ تۇرۇپ، مېھمانلىق ئۆيدىكى قاراۋۇللارنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىيالايمەن. ئۇ قەرز ئىگىلىرى تەرىپىدىن ئۆيۈمگە باشقىلارنىڭ بىرەرنەرسىنى ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قويغان قاراۋۇللار. گەرچە مەن تېخى ئاخىرقى نەپىسىمدىن قالمىغان بولساممۇ، لېكىن ئاللىقاچان نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

ئاھ، ئادەملەر نېمىدېگەن رەھىمسىز بولىدۇ ـ ھە؟ ياق، خۇدانى ھەممىدىن ئادىل، ھەممىدىن خالىس دېيىش كېرەك.

ماقۇل، سۆيۈملۈكۈم، سەن مېنىڭ مال ـ مۈلۈكۈمنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشقا قاتناشساڭ، بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئالالايسەن. چۈنكى، ناۋادا مەن ساڭا ھەتتا ئەڭ ئەرزىمەس نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويساممۇ، بۇنى خەقلەر بىلىپ قالسا، باشقىلار سېنى يېپچەتلەنگەن مال ـ مۈلۈكنى ئېلىۋالدى دەپ ئەرز قىلىشى مۇمكىن. مېنىڭ ئادا ـ جۇدا بولىدىغان ھاياتىم نەقەدەر

*ھەسرەتلىك ـ ھە؟ ناۋادا مەن ئىنىقتىن قىلىشتىن ئىلگىرى سىنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام، تەڭرىم، ئۇ چاغدا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە! دوستۇم، خېتىمنى داۋاملاشتۇرالمايۋاتقىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراي. مەن. مېنىڭ قوللىرىم ماڭا بويسۇنمايۋاتىدۇ.*

*مارگارىت گېدىئەي»*

راستتىنلا، ئاخىرقى بىرنەچچە سۆز تولىمۇ تۇتۇق يېزىلغانىدى.

مەن خەتنى ئارماندقا ياندۇرۇپ بەردىم.

بۇنى بىر پاھىشە ئايالنىڭ خېتى دېسە، بۇنىڭغا كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ شۇزامات ئۇنىڭ قەلبىدە كونا ئىشقى تۇيغۇلار قوزغىلىپ، تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— ئۇ ئۆلۈم ئالدىدىمۇ مېنى ئويلاپ خەت يېزىپتۇ، مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپتۇ. ئاھ، بىچارە سۆيۈملۈك مارگارىت!

ئارماند خىياللىرىنىڭ پەرۋازىغا بويسۇنۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

— بىرەر ناتونۇش كىشى مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرسە، مېنى چوقۇم ھاماقەت ئىكەن دەپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — چۈنكى، ئۇ مېنىڭ بۇرۇن بۇ ئايالنى قانداق ئازابلىغىنىمنى بىلمەيدۇ. ئۇ چاغلاردا مەن تازىمۇ تاش يۈرەك ئىدىم. ئۇ بولسا بەكمۇ مۇلايىم ئىدى، ئۇ قانچىلىك قاتتىق ئازار يېدى ـ ھە!

مەن ئەسلىدە ئۇنى ئەپۇ قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلايتتىم. هالا بۇگۈنگە كەلگەندە، مەن ئۇ بەخش ئەتكەن كەچۇ-رۇمگە ئەسلا ئەرزىمەيدىغانلىقىمنى هېس قىلماقتىمەن.

ئۇ مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۆزىنىڭ قاي-غۇ ـ ھەسرىتىنى تۆكۈپ، مېنى ئىختىيارسىز هالدا ئۆزىنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندۈردى، مەن ئۇ گەپلەرنى ئاڭ-لاپ هاياجانلانماي تۇرالمىدىم، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىڭىز يوقمۇ؟ بۇ ئىشلارنى كۆپ ئويلاپ كەتمەي، بېرىپ ئۇلارنى كۆرۈپ كېلىڭ، بەلكىم ئۇلار سىزگە تەسەللى بېرەلىشى مۇمكىن، مەن بولسام سىزگە پەقەت هېسداشلىق قى-لالايمەن، — دېدىم.

ئارماند بارا ـ بارا خېلى تىنچلىنىپ قالدى.

— ئۇنداقتا سىز مېنى دوستۇم دەپ بىلسىڭىز، ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەسرەتلىنىدىغىنىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، كۆڭلىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكسە ئادەم يېنىكلەپ قالىدۇ، — دېدىم مەن.

—دېگەنلىرىڭىز توغرا، لېكىن مېنىڭ بۈگۈن يىغلىغۇملا كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىشنى مەن سىزگە باشقا بىر كۈنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئۇ ئاخىردا كۆزلى-رىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، — مەن سىزنىڭ مېنى هاماقەت كۆرمەسلىكىڭىزنى ھەمدە مېنىڭ سىزنى يەنە يوقلاپ كېلىشىمگە ئىجازەت بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئارماند سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئامال بار كۆز ياشـ.
لىرىنى ئاققۇزماسلىققا تىرىشىپ، دەرۋاز ئالدىدا كۈتۈپ
تۇرغان ئىككى چاقلىق يېنىك پەيتۇنغا چىقتى ـ دە، يۈرۈپ
كەتتى.

## 5

ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ئارماندتىن ھېچـ.
قانداق خەت ـ خەۋەر بولمىدى، ئەكسىچە، مەن بىراۋلار.
نىڭ مارگارىتنىڭ ئىسمىنى ئېغىزغا ئالغانلىقىنى ھە.
مىشە ئاڭلاپ تۇردۇم.

مارگارىت توغرىسىدىكى ئىشلار ھەمىشە مەنىسى
ئېنىق بولغان ئاشۇنداق قۇرۇق گەپلەر ئىدى.

لېكىن مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئارماندقا كۆڭۈل
بۆلۈشكە باشلىدىم.

مەن پەقەت مارگارىتنىڭ قەبرىسىنى كۆزىتىدىغانلا
بولسام، بەلكىم ئارماندنىڭ ھازىر زادى قانداق ئەھۋالدا
ئىكەنلىكىنى بىلەلىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن مارگارىتنىڭ قەبرىسى ئالدىغا
كەلدىم.

قەبرىگە ئاق مەرمەر قەبرە تېشى تىكلەنگەن، قەبرە
ئالدىغا ئاق رەڭلىك چۈغلۈقگۈللىرى تۇشۇپ كەتكەنىدى.

قەبرە باقىدىغان ئادەم چۈغلۈقگۈلىنىڭ بىرەر تېلى

قۇرۇپ قالىدىكەن، تاپشۇرۇق بويىچە شۇ هامان يېگىدىسىنى ئالماشتۇرۇپ قويىمەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، بۇنداق قىلىشنى سىزگە كىم تاپشۇرغان؟

— بىر ياش يىگىت، ئۇ تۇنجى قېتىم كەلگەندە يىغىسىنى توختىتالماي ھەسرەت چەككەندى.

— ئۇ يەنە كېلەمدۇ؟

— ئۇ سەپەرگە چىقىپ كەتتى، ئويۇمچە، گېدىئەي خانىمنىڭ ئاچىسىنىڭ يېنىغا كەتتىمىكىن.

— ئۇ ئۇ يەرگە نېمە قىلغىلى بارىدۇ؟

— ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسىنى يۆتكەشنى ئىلتىماس قىلغىلى بارىدۇ. ئۇ مارگارىتنى باشقا يەرگە دەپنە قىلماقچى. مەڭگۈلۈككە بېرىلىدىغان، كۆلىمى تېخىمۇ چوڭراق بىر قەبرىگاھلىق تاپماقچى.

ئاخىردا قەبرە باققۇچى ئارماند ئائىلىسىنىڭ ئادېرىسىنى ئېيتىپ بەردى.

مەن قەبرە باققۇچىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئازراق پارچە پۇل بەردىم ـ دە، ئۇ ئېيتىپ بەرگەن ئادرېسقا قاراپ مېڭىپ كەتتىم.

ئارماند تېخىچە قايتىپ كەلمەپتۇ، مەن ئۇنىڭغا: قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭ ياكى بولمىسا سىزنى قەيەردىن تاپالايدىغانلىقىمنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭ، دېگەن سۆزلەرنى قالدۇرۇپ قويدۇم.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە مەن دىۋار ئەپەندىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ زىيادە چارچاپ كەت-كەنلىكتىن، سىرتقا چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ.

## 6

مەن ئارماندنى كۆرگىلى بارغىنىمدا ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئېلىۋاتقان ئىكەن، مەن ئۆزۈمنىڭ قەبرى-گاھلىقىقا بارغىنىمنى ئۇنىڭغا ئۇدۇللا ئېيتتىم.

يوغان ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ بېشىنى بۇراپ ماڭا كەي-نىنى قىلىۋالدى، مەنمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولۇپ، باشقا بىر ئىش ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدىم.

— سىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىڭىزگە ئۈچ ھەپتە بولغاندۇ ـ ھە؟

ئارماند قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئېرتىپ، ماڭا جا-ۋاب بەردى:

— توپمۇتوغرا ئۈچ ھەپتە بولدى.

— مۇساپىڭىز تولىمۇ ئۇزاق ئىكەندە!

— ھەي، بۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە سەپەردە بول-مىدىم، بەلكى ئىككى ھەپتىگىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ

قالدىم، بولمىسا ئاللىبۇرۇن قايتىپ كەلگەن بولاتتىم. بىراق مەن ئۇ يەرگە بېرىشىم بىلەنلا قىزىتمام ئۆرلەپ كەتتى، شۇڭا ئامالسىز ئۆيدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن مەن ساقچى باشلىقىنىڭ يېنىغا بارمىسام بولمايدۇ.

— نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى بېجىرىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلمايسىز؟ ئۆزىڭىز بارسىڭىز كېسىلىڭىزنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويامسىز؟

— پەقەت مۇشۇ ئىشنى بېجىرەلەيدىغانلا بولسام، ئاندىن مېنىڭ كېسىلىم ساقىيىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدۇ. مەن بىز ئايرىلغان چاغدا يەنىلا شۇنداق ياش، يەنىلا شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنىڭ ھەش - پەش دېگۈچە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مەن جەزمەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن. مېنىڭ شۇنچە سۆيۈملۈك بىر كىشىمنى تەڭرىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى چوقۇم بىر كۆرۈپ باقماقچىمەن. بەلكىم كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ مەنزىرە مېنىڭ ئاشۇ ھەسرەتلىك سېغىنىش ھېسسىياتىمغا داۋا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. سىز ماڭا ھەمراھ بولۇپ بارسىڭىز قانداق؟

— ئۇنىڭ ئاچىسى سىزگە نېمىلەرنى دېدى؟

— ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ بىر ناتونۇش كىشىنىڭ

مارگارىت ئۈچۈن ئالاھىدە بىر قەبرە ياساتماقچى بولغان-لىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئۇ ئىجازەتنامىگە ئىمزا قويۇشقا دەرھال ماقۇل بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ساقچى باشلىقىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەتىسى چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 10 دا قەبرە يۆتكەشكە كېلىشتۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە بىز ساقچى باشلىقى بىلەن بىللە قەبرىگاھلىققا كەلدۇق.

قەبرە باققۇچى ھەممە گۈل تەشتەكلىرىنى يۆتكى-ۋەتكەندى. ئىككى ئادەم يەرلىكنى قېزىۋاتاتتى.

ئارماند بىر تۈپ دەرەخقە يۆلەنگىنىچە قاراپ تۇراتتى.

بىردىنلا، قەبرىنى كولاۋاتقان ئادەمنىڭ قولىدىكى جوتۇ تاشقا تېگىپ كېتىپ يېقىمسىز ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

ئارماند خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك كەينىگە بىر شوخشىدى ـ دە، مېنىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى، ئۇ-نىڭ سىقىشىدىن قوللىرىم ئاغرىپمۇ كەتتى.

بىر ئىشچى گۈرجەك بىلەن قەبرىگە يىغىلىپ قالغان توپىلارنى ئاز ـ ئازدىن تازىلىماقتا ئىدى.

ئارماند نېرۋىلىرى قاتتىق جىددىيلەشكەن ھالەتتە تۇراتتى. جەسەت ساندۇقى پۈتۈنلەي كۆرۈنگەندىن كېيىن، ساقچى باشلىقى ئىشچىلارنى ئۇنى ئېچىشقا بۇيرۇدى.

ساندۇق ماڭ تەسلىكتە ئېچىلدى، جەسەت

ساندۇقىنىڭ تۆت ئەتراپى دىماغنى يارىدىغان خۇشبۇي گۈل ـ گىياھلار بىلەن قاپلانغان بولسىمۇ، ساندۇق ئې-چىلىشى بىلەن تەڭ بىر خىل سېسىق پۇراق ئېتىلىپ چىقتى.

جەسەت بىر پارچە يوغان ئاق كېپەن بىلەن كېپەن-لەنگەنىدى.

كېپەننىڭ بىر تەرىپى چىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ بىر پۇتى كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

ئىشچىلار كېپەننى ئېچىۋىدى، مارگارىتىنىڭ يۈزى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئەپتى ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى.

بىر جۈپ كۆزىنىڭ ئورنىدا پەقەت ئىككى تۆشۈكلا قالغان، لەۋلىرى چىرىگەن، قاردەك ئاپئاق چىشلىرى چىڭ كىرىشكەن، قۇرۇپ كەتكەن قاپقارا ئۇزۇن چاچ-لىرى چېكىسىگە چاپلىشىپ، چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆل رەڭ چىرايىنى چالا ـ بۇلا يېپىپ تۇراتتى.

ساقچى باشلىقى دۇۋار ئەپەندىدىن سورىدى:

— تونۇدىڭىزمۇ؟

— تونۇدۇم.

— تونۇغان بولسىڭىز، ساندۇقنى يېپىپ ئېلىپ مېڭىڭ! — دېدى ساقچى باشلىقى.

ئارماندنىڭ چىرايى ھېلىلا بىز كۆرگەن ئۆلۈك-نىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ساندۇق يېنىغا قەبرىگاھلىقتا يۆتكەپ كېلىندى.
ساقچى باشلىقى ماڭا ئالدى بىلەن دىۋار ئەپەندىنى ئېلىپ كېتىشنى تاپىلىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ، ئۇنى ئېلىپ ماڭدىم.
مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلسام، ئۇ ماڭا جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر قىلغان ئىشى ئۆزىنى ماڭا يېتىلىتىپ مېڭىش بولدى.

## 7

يېرىم ئايدىن كېيىن ئارماندىنىڭ سالامەتلىكى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ، بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ كەتتۇق.
بىز ھەمىشە دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتۇق. مەن كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ قالغان ئارماندىنىڭ ئۆتكەنكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن قوزغاپ قويۇشتىن قورقۇپ، مارگارىتنىڭ گېپىنى قىلماسلىقتا تىرىشىپ گەپ ـ سۆزۈمگە دىققەت قىلدىم، مېنىڭ ئەكسىچە ئارماند مارگارىت توغرىسىدا خۇشاللىق بىلەن سۆزلەيتتى، ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىگەندە بۇرۇنقىدەك تارام ـ تارام ياش تۆكمەيتتى، بەلكى ئىللىق تەبەسسۇم قىلاتتى، بۇنداق تەبەسسۇم ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ، مېنى خاتىرجەم

قىلغانىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى بىز دېرىزە ئالدىدا ئولتۇراتتۇق، ئەتراپتىكى يېشىللىق بىزنى بۇ دۇنيادىن ئايرىۋەتكەندەك قىلاتتى.

— دەل مۇشۇنداق پەسىلدە، مۇشۇنداق ئاخشامدا مەن مارگارىت بىلەن تونۇشقانىدىم، — دېدى ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان هالدا. مېنىڭ گەپلىرىم ئۇنىڭ قولىقىغا كىرمەيتتى. كەينىدىنلا، ئارماند ماڭا تەسىرلىك بىر هېكايە سۆزلەپ بەردى:

دەل مۇشۇنداق ئاخشىمى، مەن ئاغىنەم گارىستون بىلەن سەهرادا بىر كۈن ئويناپ، كەچتە پارىژغا قايتىپ كەلدۇق ـ دە، بىكارچىلىقتا زېرىكىپ كېتىپ، ۋالىرتان تىياتىرخانىسىغا بېرىپ تىياتىر كۆردۇق.

ئويۇن ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا بىز كارىدوردا دەم ئېلىپ تۇراتتۇق، ئالدىمىزدىن ئېگىز بويلۇق بىر ئايال ئۆتتۈۋىدى، ئاغىنەم گارىستون ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى.

— سەن كىم بىلەن سالاملىشىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— مارگارىت گېدىئەي بىلەن، — دېدى ئۇ ماڭا.

ئۇ تولىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنى تونۇماي قالغىلى تاسلا قالدىم، لېكىن ئىككى يىلدىن بۇيان، بۇ

قىزنى ھەربىر ئۇچراتقىنىمدا مېنىڭدە ئېيتقۇسىز تۇيـ
غۇلار پەيدا بولاتتى.

مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم بىرژا مەيدانىدىكى شۇس دۇكىنى ئالدىدا ئۇچراتقانىدىم. بۇ يەردە بىر ئۇستى ئوـ چۇق تۆت چاقلىق پەيتون توختاپ، پوتونلەي ئاق رەڭلىك ئۇستۋاش كىيگەن بىر ئايال پەيتوندىن چۈشتى. ئۇ دۇـ كانغا كىرگەندە، كىشىلەرنىڭ پەس ئاۋازدا كۈسۈلدىغان ماختاش ئاۋازلىرى بىر ھازاغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. مەن بولسام، ئۇ دۇكانغا كىرىپ تاكى دۇكاندىن چىقىپ كەتكۈچە خۇددى يەرگە مىخلاپ قويۇلغاندەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرۇپلا قاپتىمەن. مەن كۆزنەكتىن ئۇـ نىڭ دۇكاندا نەرسە ـ كېرەك تاللاۋاتقىنىغا قاراپ تۇردۇم. لېكىن، ئۇ چاغدا ئۇنى يەنە ئۇچرىتىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن. ئۇ پەيتونغا چىقىپ كېتىپ قالدى.

دۇكاندىكى بىر يىگىت ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، پەيتوننى تاكى يىراقلاپ كەتكۈچە كۆزى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئايالـ نىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىشنى سورىدىم:

— ئۇ مارگارىت گېدىئەي خېنىم بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ماڭا.

ئۇنىڭ سىماسى باشتىن ـ ئاخىر مېنىڭ كۆڭلۈمگە مۆھۈر بولۇپ بېسىلغانىدى. شۇڭا مەن ئاق كىيىم كىيگەن بۇ جاھان رەناسىنى نەمۇ ـ نەلەردىن ئىزدىگەنىدىم.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، تىياتىرخانىدا كاتتا بىر ئويۇن قويۇلدى. مەن سەھنىنىڭ يېنىدىكى ئايرىم- خانىدا ئولتۇرۇپ، تۇنجى كۆرگەن كىشىم مارگارىت گېدىئەي بولدى.

مېنىڭ ئاشۇ ياش ھەمراھىمۇ مارگارىتنى تونۇيت- تى، ئۇ مارگارىت بىلەن سالاملاشقان چاغدا، مەن مارگا- رىت بىلەن تونۇشۇش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدىم.

مەن ھەمراھىمدىن چوقۇم ئاۋۋال مارگارىتنىڭ ما- قۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن مېنى ئۇنىڭغا تو- نۇشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدىم. مەن ئۆزۈم يالغۇز كارىدوردا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدىم، مەن ئۇنىڭ دىققەت - نەزەرىدە قانداق كەيپىياتتا بولۇشۇمنى بىلمەيتتىم.

مۇھەببەت دېگەن نەقەدەر ساپ، نەقەدەر بىغۇبار - ھە! ھەمراھىم بىلەن پۇتۇشتۇق، ئۇ مېنى ئالدى بىلەن تى- ياتىرخانىنىڭ كارىدورىدىكى بىر قەنت - گېزەك دۇكى- نىغا ئېلىپ كىردى.

— بىز ئاززاق قىيامغا مىلەنگەن مېۋە ئېلىۋالايلى، ھېلى مارگارىت مەندىن شۇنى سورىغانىدى، — دېدى ھەمراھىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مېنىڭ راستىتىنلا پۈتۈن دۇكاننى سېتىۋالغۇم كېلىپ كەتتى.

— ئاھ! — دېدى ھەمراھىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەن دۇكاندىن چىقمۇاتقاندا، — سەن مېنى بىر گېرت-سوگىنىڭ خانىمىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ دەپ ئويلاپ قالما، ئۇ پەقەت پاھىشە ئايال، خالاس. بەك قورۇنۇپ قالما، قەدىرلىكىم، ھودۇقماي، خىيالىڭغا نېمە كەلسە شۇنى دەۋەرگىن!

مەن ئايرىمخانىغا كىرگەندە، مارگارىت قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

ھەمراھىم مېنى مارگارىتقا تونۇشتۇردى. مارگارىت ماڭا تەبەسسۇم قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - دە، «قىيامغا ملەنگەن مېۋە قېنى؟» دېدى.

مارگارىت مېۋىنى ئېلىۋېتىپ ماڭا قاراپ قويدى، مەن كۆزلىرىمنى يەرگە ئاغدۇردۇم، يۈزلىرىم ھۈپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

مېنىڭ بۇنداق تەڭقىسلىقىم ئۇنىڭغا بولۇپ بەردى. ئۇ مېنىڭ بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، يېنىدا ئولتۇرغان ئايال بىلەن توختىماي كۈلۈۋەردى.

مېنىڭ ھەمراھىم مېنى بۇنداق قىيىن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشنى خالىمايتتى.

— مارگارىت، — دېدى ئۇ، — ناۋادا دىۋار ئەپەندىم ساڭا گەپ قىلمىغان بولسا، بۇنىڭغا ھەيران قالما. سەن ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويغاچقا، ئۇ ھەتتا ساڭا نېمە

دىيىشىنىمۇ بىلەلمەي قېلىۋاتىدۇ.

— مېنىڭچە سەن ئۆزۈڭ يالغۇز كەلسەڭ زېرىكىپ قالىمەن دەپ ئويلاپ، بۇ ئەپەندىنى ھەمراھ قىلىپ كەپسەن - دە!

— ناۋادا شۇنداق بولغان بولسا، — دېدىم مەن ئاغزىمنى ئېچىپ، — مەن ئونسىت ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ، مېنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا ماقۇل بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلمىغان بولاتتىم.

كىمدەكىم ماركارىتقا ئوخشاش قىزلار بىلەن ئاز - تولا بېرىش - كېلىش قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن كىشى بىلەن بىمەنە چاقچاق قىلىشقا ئامراقلىقىنى بىلەتتى. بۇ قىزلار ھەر كۈنى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەن كىشىلەرنىڭ ھاقارەتلىرىگە چىداشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ شەك - شۈبھىسىزكى، شۇ ھاقارەتلەر ئۈچۈن ئېلىنغان قىساس ئىدى.

مېنىڭ ماركارىتقا بولغان ئەسلىدىكى قاراشلىرىم مېنى ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا زىيادە ئەستايىدىل قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىر خىل يوشۇرغىلى بولمايدىغان مەيۇسانە تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدىم:

— ناۋادا سىز مېنى مۇشۇنداق ئادەم ئىكەن دەپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا، خانىم، مەن پەقەت سىزدىن قاراملىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىيالايمەن، سىز بىلەن خوشلىشىشقا مەجبۇر بولىمەن ھەمدە

سىزگە بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق يېپىكلىك قىلماس-لىقىقا ۋەدە بېرىمەن.

مەن سۆزلەپ بولۇپ ئايرىمخانىدىن چىقىپ كەتتىم، ئايرىمخانىنىڭ ئىچىدىن يەنە قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋاز-لىرى كۆتۈرۈلدى.

شۇ چاغدا پەردە ئېچىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرى-لىدىغان بولقا ئاۋازى ئاڭلاندى، ھەمراھىم ئونىستىمۇ مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا بۇ ئىشقا بەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ كەتمەسلىكىم ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. لېكىن مەن مارگارىتنى زادىلا ئۇنتۇ-يالمىدىم، باشقا بىر خىيال كاللامنى قوچۇيتتى. مې-نىڭچە، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارەتلىرى ۋە ئۆزۈمنىڭ كۈلكىلىك ھالىتىمنى پەقەت ئېسىمدىن چىقىرىپ قويماسلىقىم كېرەك ئىدى. مەن ئىچىمدە، ئەسلى-ۋەسلىم، تاپقان - تەرگىنىم كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، بۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك دەپ ئويلايتتىم.

ئويۇن تېخى تۈگىمەيلا، مارگارىت دوستى بىلەن بىللە ئايرىمخانىدىن چىقىپ كەتتى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىختىيارسىز ئەگەشتىم.

مارگارىت ئۆزىنىڭ ئۇچ دوستى بىلەن پەيتونغا چىقتى. مەنمۇ ئاددىيغىنە پەيتونغا چىقىپ ئۇلارنى سوڭدىشىپ، تاكى ئانتان كوچىسىدىكى 9 - نومۇرلۇق قورۇغىچە ئەگىشىپ كەلدىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەن تىياتىرخانىدا، ئىيار قو-ۋالشىر كوچىسىدا ھەمىشە مارگارىتنى ئۇچرىتاتتىم، ئۇ-نىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنى كۆرسەملا ھاياجانلىنىپ كې-تەتتىم. لېكىن مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئۇدا ئىككى ھەپتىگىچە ھېچ يەردە ئۇچرىتالمىدىم، كېيىن تىنىڭ ـ تىڭلاپ بىلدىمكى، ئۇ ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ بانېرغا كېتىپتۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېنىڭ ئۇنى سېغىنىشىممۇ بېسىلىپ قالدى. شۇڭا مەن بايا ساڭا ئېيتقاندەك، ۋالېرتان تىياتىرخانىسىنىڭ كارىدورىدا ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا مەن ئۇنى تونۇماي قاپ-تىمەن.

## 8

بىراق مەن مارگارىتنى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلاتتىم.

يۈرەكتىكى ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاند-چىلىك سەۋەبلەرنى توقۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ ـ ھە؟

مەن كارىدوردا كۈتۈشكە تاقەت قىلالماي، زالغا قاي-تىپ كىرىپ تۆت ئەتراپقا سەپسالدىم.

مارگارىت سەھنىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان بىرىنچى قەۋەتتىكى ئايرىمخانىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ

كېسەلنى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى، چۈنكى، ئاللىقاچان 4 ـ ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قىشلىق كىيىملەرنى كىيىۋالغانىدى.

مەن كۆزۈمنى ئۇزمەي ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ قاراۋەردىم، ئۇ ئاخىر مېنى بايقاپ قالدى.

ئۇمۇ ماڭا بىر ئەسنا سەپسېلىپ قارىدى، ئۇ چوقۇم مېنى تونۇش ھېس قىلدى ـ يۇ، لېكىن دەماللىققا مېنىڭ كىملىكىمنى ئېسىگە ئالالمىدى.

پەردە ئېچىلدى.

قاراپ تۇرسام مارگارىت ئويۇننى باشتىن ـ ئاخىر دىققەت بىلەن كۆرمىدى، تېخى قارىمۇقارشى تەرەپتىكى ئايرىمخانىدا ئولتۇرغان بىرىسى بىلەن توختىماي كۆز ئىشارىسى قىلىشىپ ئولتۇردى.

مەن قارىمۇقارشى تەرەپتىكى ئايرىمخانىدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ ماڭا خېلىلا تونۇش بولغان 40 ياشلار چامىسىدىكى سېمىز ئايال — فرىدانس دىۋېرنوۋا ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدىم. ئۇ بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئاچقانىدى.

مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم، شۇنداقلا ئۇ ئولتۇرغان ئايرىمخانىغا كىردىم. مەن ئۇنىڭدىن مارگارىتنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلماقچى ئىدىم.

— سىز ئۇنى بىزنىڭ ئايرىمخانىغا چاقىرىپ

كېلىدىغان دېمەكچىمۇ؟

— ياق، ئەگەر ياخشىسى سىز مېنى مارگارىتقا تو-نۇشتۇرۇپ قويۇڭ!

— ئۇنىڭ ئۆيىگە بارامدۇق؟

— ھەئە.

— لېكىن بۇنداق قىلىش ئوڭاي ئەمەس، چۈنكى، ئۇنى كۆندەشلىكى ئىنتايىن قاتتىق بىر قېرى گېرت-سوگ نارارەت قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، فرىدانس ماڭا مارگارىتنىڭ بانېردا گېرتسوگ بىلەن تونۇشۇش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.

فرىدانس ئانتان كوچىسى 7 ـ نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، مارگارىت بىلەن قوشنا ئىدى. شۇڭا مەن گارىستون بىلەن بىللە فرىدانسقا ھەمراھ بولۇپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى قارار قىلدىم.

ئىككىمىز تازا سۆزلىشىۋاتقاندا، يەتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر بوۋاي مارگارىتنىڭ كەينىدە ئول-تۇردى، يەنە ئۇنىڭغا بىر خالتا قىيامغا مىلەنگەن مېۋە بەردى.

— ھوي، — دېدى فرىدانس ماڭا، — قارىڭا، مارگا-رىتنىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرگەن ئاۋۇ كىشى ھېلىقى گېرتسوگ بولىدۇ.

تىياتىر تۈگەپ، كىشىلەر تارقالدى. گېرتسوگ مارگارىتنى يۆلىگىنىچە تۆت چاقلىق پەيتۇندا ئولتۇرۇپ

يىراقلاپ كېتىپ قالدى.

بىز ئاددىي بىر پەيتۇننى ياللاپ، فرىدانسىنىڭ ئە-شىكى ئالدىغا بىللە كەلدۇق. ئۇ بىزنى يۇقىرىغا چى-قىپ، ئۆزى پەخىرلىنىدىغان تاۋارلىرىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى تولىمۇ بىتا-قەتلىك بىلەن قوبۇل قىلدىم.

مەن ئۆزۈمنى گويا مارگارىتقا قەدەممۇقەدەم يېقىن-لىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، گەپنىڭ تېمىسىنى مارگارىتقا يۆتكىدىم.

فرىدانس مارگارىتنىڭ ھەمىشە ئۆيىدە يالغۇز ئول-تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھەر ئاخشىمى دېگۈدەك بىللە پاراڭلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنىڭ سۆيگەن كىشىسى يوقمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا، ئە-زەلدىن ئۇنىڭ ئۆيىدە بىراۋنىڭ بارلىقىنى ئۇچراتمىغان. لېكىن مەن، مەن كەتكەندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ كىرمەيدىغانلىقىغا ھۆددە قىلالمايمەن. كەچتە مەن ئۇ-نىڭ ئۆيىدە دائىم N ئىسىملىك بىر گرافنى ئۇچرىتاتت-تىم. بۇ گراف پەقەت كەچ سائەت 11 دە ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ئاندىن بىرمۇنچە زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلسامۇ بارا-بارا ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە

ئېرىشىمەن دەپ قارايتتى. لېكىن مارگارىت گرافنى كۆرۈپلا بىزار بولاتتى، ھېلىقى قېرى گېرتسوگنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھېچ نەرسە قالدۇرماي بۇ ئالەمدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ھەمىشە گېرتسوگ ئۆلگەندىن كېيىن ھېلىقى گراف بىلەن ئەپلىشىۋالسامۇ ئۇلگۇرىمەن دەيتتى.

— ئۇنىڭ تۇرمۇشىدەك تۇرمۇش ھەمىشە كۆڭۈللۈك بولۇۋەرمەيدۇ، بۇ ماڭا بەش قولدەك ئايان، — دېدى فىرىدانىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ھەي، بىچارە مارگارىت، — دېدى گارىستون بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن پىئانىنونىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇپ، بىر پەدە ۋالىس مۇزىكىسىنى چېلىشقا باشلاپ.

— خەپشۇك، ئۇنىڭغىزنى چىقارماڭ! — دېدى فىرىدانىس قولىقىنى دىڭ قىلىپ قۇلاق سېلىپ، — ئۇ مىنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

دەرۋەقە، بىرسى فىرىدانىسنى چاقىرماقتا ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مارگارىتنىڭ ئۆيىگە بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق، بۇ ئۇچرىشىشنىڭ تۇرمۇشۇمدا غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا سەزگەندەك تىترەپ كەتتىم. بىز چوڭ زالدىن ئۆتۈپ، كىچىك مېھمانخانىغا كىردۇق. مارگارىت پىئانىنونىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ چالغۇسى كەلمەيۋاتقان

بىر كۈينى خۇشياقمىغاندەك چالماقتا ئىدى.

ئۆيدىكى كەيپىيات تولىمۇ بۇرۇقتۇرما ئىدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقماقتا، كاللام گادىرماش ئىدى. فرىدانسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ مارگارىت دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق ئىشارىسى قىلدى ۋە ئالدىمىزغا چىقىپ، بىزگە:

— مەرهەمەت، كىرىڭلار. ئەپەندىلەر، خۇش كېلىپسىزلەر، — دېدى.

## 9

مارگارىت ئاخىر مېنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ماڭا قولىنى سۇندى. مەن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدۇم.

— ھەقىقەتەن شۇنداق، — دېدى ئۇ، — سىز مېنىڭ مىجەزىمنىڭ قانچىلىك ئەسكىلىكىنى ئويلاپ يېتەلەيسىز. مەن دەسلەپ يۈز كۆرۈشكەن كىشىنى ئەخمەق تېپىشقا، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ، بىسەرەمجان قىلىشقا تولىمۇ ئامراق. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە تازىمۇ بىر ھاماقەتلىك.

كەينىدىن مارگارىت مېھمانخانىدا ئۆرە تۇرغان ھېلىقى ياش گرافنى كەتكۈزۈۋەتتى.

مارگارىت ئۆزىچىلا بىر هازا پىئانىنو چالدى. كېيىن بۇرۇلۇپ، بىزگە:



— بىرەر نېمە يېگۈڭلار كېلەمدۇ؟ مېنىڭچۇ، ئاز- راق هاراق ئىچكۇم بار، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ خىزمەتكارغا كېچىلىك تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇدى.

— ئوبدان بولدى، — دېدى مارگارىت خۇددى سەبىي باللارغا ئوخشاش سەكرەپ، — بىز كېچىلىك تاماق يەيدىغان بولدۇق، هېلىقى كالىكومشار گراف تازىمۇ جېنىمغا تەگدى.

مەن بۇ ئايالغا قارىغانسېرى مەستانە بولماقتا ئىدىم. ئۇنىڭ گۈزەللىكى كىشىنى مەستخۇش قىلاتتى. هەتتا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئورۇق- نازۇكلۇقىمۇ ئۇنى زىلۋا- زىبا قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ئۆزۈمنىڭ زادى نېمە بولغىنى ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئەمەس ئىدى.

بۇ قىز ئېھتىياتسىزلىقتىن پاھىشىگە ئايلىنىپ قالغان ئىپپەتلىك قىزدەكلا قىلاتتى، يەنە ئىنتايىن ئو- ڭايلىق بىلەن ئەڭ ئىشقىۋاز، ئەڭ پاك، ئىپپەتلىك قىزغا ئايلىنىدىغان پاھىشە ئايالدەكمۇ قىلاتتى.

مەن بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدىم، مېنىڭ روھىم مېنىڭ قەلبىمگە كىرىپ كەتكەندەكلا قىلاتتى. مېنىڭ قەلبىم بولسا، گويا كۆزلىرىمگە كىرىپ كەتكەندەكمۇ قىلاتتى.

كېچىلىك تاماق ۋاقتىدا، كۆپچىلىك كۈلكە- چاقچاق

قىلىپ راسا يەپ ـ ئىچىپ ئولتۇرۇشتى. شادىمانلىق تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ناھايىتى قوپال، سەت سۆزلەر پات ـ پات ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

مارگارىتنىڭ كۆلكە ـ چاقچاقلىرى خۇددى ھاممالىلارنىڭكىگە ئوخشاش تولىمۇ قوپال ئىدى. باشقىلارنىڭ سۆزلىرى قانچە سەت بولغانسېرى، ئۇنىڭ كۈلكىسىمۇ شۇنچە جاراڭلىق چىقماقتا ئىدى. بۇلارنى ئاڭلاپ، كەيپىياتىم بارغانسېرى غەمكىنلىشىشكە باشلىدى.

ۋەھالەنكى، بۇنداق ئەيش ـ ئىشرەتنى ئولتۇرغان باشقا مېھمانلار ئۈچۈن بۇزۇقچىلىق، ناچار ئادەت دەپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن مارگارىتنىڭ ۋۇجۇدى ئۈچۈن رېئاللىقنى ئۇنتۇشنىڭ ئېھتىياجى، ئۆپكىسىنى باسالماسلىق، بىر خىل ئەسەبىيلەرچە ھاياجان دەپ ھېس قىلاتتىم.

دەسلەپدە، ئۇ بوش يۆتەلگەندى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا يۆتەلگەنسېرى قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. ھەر قېتىم يۆتىلى قوزغالغان چاغدا، ئۇ كۆكرىكىنى ئىككى قولى بىلەن كۈچەپ بېسىۋالاتتى، ئۇ تېنى ئاجىز بولسىمۇ، ھەر كۈنى يەنىلا مۇشۇنداق ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ، ئۆزىنى ئازابلايتتى. مېنىڭ ئۇنىڭغا تازا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

كېچىلىك تاماق ئاخىرلاشقاندا، مارگارىت يەنە بىر ھازاغىچە قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. بۇ قېتىم يۆتىلى

تولىمۇ قاتتىق تۇتۇپ كەتتى.

يۈتەل دەستىدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزار-غان، كۆزلىرى ئەلەم بىلەن ئېتىۋېلىنغانىدى. ئۇ لەۋلىرد-ىنى غىزا ياغلىقى بىلەن سۈرتكەندە، ياغلىق ئۈستىدە قىپقىزىل قان يۇقى كۆرۈندى، قاننى كۆرۈپ، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپلا پەردازخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

مەن بولسام تاقەت قىلالمىدىم، فرىدانس بىلەن گا-رىستوننىڭ تولىمۇ ھەيرانلىق بىلەن مېنى توختىتى-ۋالماقچى بولغانلىقىغىمۇ قارىماي ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، ئۇدۇللا مارگارىتىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتىم.

## 10

ئۇ كىرىپ كەتكەن ھېلىقى ئۆيدە پەقەت بىر تاللا شام يېنىقلىق تۇراتتى.

ئۇ بىر ساپاغا قىيپاش يۆلەنگەن بولۇپ، كۆڭلى-كىنىڭ ئالدى ئېچىلغان، بىر قولى كۆكرىكىدە، يەنە بىر قولى ساپانىڭ سىرتىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى، ياندىكى شىرە ئۈستىدە پاكىز سۇ قويۇلغان كۈمۈش چىلاپچا بار ئىدى، سۇدا مەرمەر تاش سىزىقچىلىرىغا ئوخشاپ كې-تىدىغان تارام- تارام قان يىپچىلىرى لەيلەپ تۇراتتى.

مارگارىتىنىڭ يۈزلىرى تامدەك تاتارغان، ئاغزى يې-رىم ئېچىلغان بولۇپ، كۆچىنىڭ بارىچە نەپەس ئالماقچى

بولاتتى، ھاۋانى توختىماي قاتتىق سۇمۇرۇپ، قاتتىق چىقىراتتى.

مەن مارگارىتنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇنىڭ قوللىرىـ نى تۇتقىنىمچە لەۋلىرىمگە يېقىپ سۆيدۇم، ئۇزۇنغىچە كۆزلىرىمگە پاتقۇزالماي كەلگەن ئىككى تامچە كۆز يېـ شىم ئىختىيارسىز ھالدا ئېقىپ چۈشتى.

— ھوي، يىغلاۋاتىسىزغۇ! سىزگە نېمە بولدى؟

— سىز مېنى چوقۇم ئاز ـ تولا سەۋدايى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قالغان بولسىڭىز كېرەك، بىراق، باياتىن مەن كۆرگەن ئەھۋال مېنىڭ كۆڭلۇمنى يېرىم قىلدى.

— باغرىڭىز ھەقىقەتەن يۇمشاقكەن، مەن ئاغرىقىمنى ئۇخلىيالمايمەن، شۇڭا مەن مۇشۇنداق قىلىپ ئانچە ـ مۇنچە ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماڭا ئوخشاش قىزلارنىڭ بىرى ئارتۇق ياكى كەم بولـ غىنىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟ دوختۇرلار بۇنى نەپەس يولىدىن چىققان قان دېيىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ گېـ پىگە ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالدىم. مېنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغىنىمۇ مۇشۇنچىلىكلا.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مارگارىت، — دېدىم مەن ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىنى زادىلا باسالمىغان ھالـ دا، — مەن سىزنىڭ مېنىڭ ھاياتىمغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن، لېكىن مېنىڭ

بىلىدىغىنىم شۇكى، ھازىر مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم سىز، مېنىڭ سىزگە كۆڭۈل بۆلۈشۈم باشقا ھەرقانداق كىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشۈمدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. بۇنداق تۇيغۇ مېنىڭدە سىزنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپلا پەيدا بولغانىدى. ماقۇل دەڭ، تەڭرىنىڭ ھەققىدە سالامەتلىكىڭىزنى ياخشى ئاسراڭ، ئۆزىڭىزنى ئەمدى ئۇنداق دەپسەندە قىلماڭ.

— ناۋادا مەن سالامەتلىكىمنى ئاسرايمەن دەيدىكەنمەن، ئۇنداقتا مەن ئەكسىچە ئۆلۈپ قالىمەن، ھازىر مېنى ئۆرە قىلىپ تۇرغان نەرسە — دەل مەن ھازىر كەچۈرۈۋاتقان چېچىلاڭغۇ تۇرمۇش. ئۆز سالامەتلىكىنى ئاسراش دېگەندە، پەقەت ئاشۇ ئائىلىسى بار، دوستلىرى بار يۇقىرى تەبىقىدىكى خانىم - قىزلار كۆزدە تۇتۇلغان، بىزگە ئوخشاش ئادەملەرچۇ، مۇبادا بىز ئاشىنىلىرىمىزنىڭ شۆھرەتپەرەسلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرمايدىغان، ئۇلارنى ئەيش - ئىشرەتتىن بەھرە ئالدۇرمايدىغان بولساق، ئۇلار بىزنى بىر چەتكە پىرقىرىتىپ تاشلايدۇ، ئۇ چاغدا بىزدە بىر كۈننى خۇددى بىر يىلنى ئۆتكۈزگەندەك سەۋر - تاقەت بىلەن جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ئامال قالمايدۇ.

— ھىم، مەن ئورۇن تۇتۇپ ئىككى ئاي يېتىپ قالدىم. ئۈچىنچى ھەپتىدىن كېيىن مېنى يوقلاپ ھېچكىم كەلمىدى.

— سىزگە نىسبەتەن مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىمەن، — دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېكىن، ناۋادا سىز مېنىڭدىن يىرگەنمەيدىغان بولسىڭىز، مەن سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ ئىنىسىغا ئوخشاش خەۋەر ئالاي، سىزدىن ئايرىلماي. مەن سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى ساقايتالايمەن. سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، سىز ياخشى كۆرىدىغانلا بولسىڭىز، ھازىرقى تۇرمۇشىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن مەن شۇنى مۇقىملاشتۇرالايمەنكى، سىز چوقۇم پاك ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىسىز. بۇ سىزنى تېخىمۇ بەختلىك، مەڭگۈ گۈزەل قىلىدۇ.

مەن مارگارىت بىلەن مۇشۇ تەرىقىدە سۆزلىشىۋەردىم، ھەتتا فىردانس بىزنى ئىزدەپ كىرىپمۇ، بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئۈزۈپ تاشلىيالمىدى.

مەن بىلەر ـ بىلمەي، مارگارىتقا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ قاپتىمەن، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلىدىن يېنىككىنە قۇچاقلىۋالدىم، ئۇنىڭ نازۇك ۋە ئاجىز تېنى ئاللىقاچان مېنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىمنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

— سىز مېنىڭ سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يۇمشاققىنە ئاۋاز بىلەن.

مارگارىت مېنىڭ قولۇمنى بوشىنىپ چىقتى ـ دە، تاڭ سەھەردە ئېلىپ كېلىنگەن بىر تۇتام قىزىل چوغلۇقگۈللىرى ئارىسىدىن بىر تالنى ئۈزۈپ، كىيىمىمنىڭ پەتلىسىگە قاداپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزنى قانداق ۋاقىتتا كۆرەلەيمەن؟ — دېدىم مەن بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن ئۇنى يەنە مەھكەم قۇچاقلاپ.

— بۇ گۈلنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگەندە.

— ئۇنداقتا، بۇ گۈل قاچان رەڭ ئۆزگەرتىدۇ؟

— ئەتە كەچتە، يېرىم كېچە سائەت 11 دىن 12 گىچە بولغان ئارىلىقتا، قانائەتلەندىڭىزمۇ؟

— بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتماڭ، مەيلى دوستىڭىز فرىدانس بولامدۇ ياكى باشقا بىرى بولامدۇ، ھېچكىمگە ئېيتماڭ!

— ماقۇل، ھېچكىمگە دېمەيمەن!

- ئۇنىڭ لەۋلىرى ماڭا يېقىنلاشتى، مەن بولسام گويا بىر سەۋدايىدەكلا بولۇپ قالدىم.

ئۇ مېنىڭ قولۇمنى كۆكرىكىگە مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ:

— مەن نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى شۇ ھامانلا قوبۇل قىلدىم، بىلەمسىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېنىڭ ئۆمرۈم باشقىلارنىڭ ئۆمرىدىن قىسقا، مەن تېخىمۇ خۇشالراق ياشىسام دەيمەن، — دېدى ئۇ مېنىڭ قايغۇلۇق

تەلەپپۇزۇمنى ئاڭلاپ، كۈلگىنىچە يەنە سۆزىنى داۋام-
لاشتۇرۇپ، — خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇزۇن ياشىيالمى-
ساممۇ، لېكىن مېنىڭ ياشايدىغان ۋاقتىم سىزنىڭ
مېنى سۆيگەن ۋاقتىڭىزدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ.

10 مىنۇتتىن كېيىن گارىستون ئىككىمىز خوش-
لىشىپ چىقتۇق.

گارىستون مەندىن: «مارگارىت قانداقراقكەن؟» دەپ
سورىدى، مەن ئۇنىڭغا كېسىپلا: «بەئەينى پەرىشتە ئى-
كەن، مەن ئۇنىڭغا راستىنلا مەپتۇن بولۇپ قالدىم»
دېدىم.

## 11

بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق تېز ۋە شۇنداق تۇيۇقسىز
يۈز بەردىكى، مەن ھەتتا چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ ـ نېمە دەپ
ئويلاپمۇ قالدىم.

ئوي ـ پىكرىم چىگىش، كۆڭلۈم پاراكەندە، شۇ چاغدا
كاللامغا كەلگەن پۈتۈن خىياللىرىمنى ھەقىقەتەنمۇ
تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن.

ئەتىسىمۇ مېنىڭ كەيپىياتىم ئىلگىرىكىدەكلا ئى-
دى. مېنىڭ ئائىلەمدە پەقەت تۇرغۇم كەلمەي قالدى، مەن
ئۆز ئۆيۈمنى تولىمۇ كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس
قىلماقتا ئىدىم. ھەرقانداق قىلساممۇ مېنىڭ بەختىم بۇ

ئۆيلەرگە سىغمايۋاتاتتى، مەن ئۆز قەلبىمنى پۈتكۈل ئانا تەبىئەتكە ئىزھار قىلىشقا موھتاج ئىدىم.

شۇڭا مەن ئانتان كوچىسىغا چىقتىم، ئىپار قو-ۋالشىر كوچىسىغا كەلدىم. ماڭا ئۇچرىغانلىكى يولۇچىلار مەن ئۇلارنى تونۇمىسامۇ ماڭا يېقىملىق تۇيۇلاتتى.

مۇھەببەت بارچە نەرسىنى نەقەدەر گۈزەللەشتۈرۈۋې-تىدۇ ـ ھە!

مەن شۇ كۈنى ئېشىپ قالغان ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى ئازراقمۇ ئەسلىيەلمەيمەن.

سائەت 11 دە مارگارىتنىڭ پەيتۇنى قايتىپ كەلدى. ئۇ كىمنىدۇر ئىزدەيدىغاندەك تۆت ئەتراپقا قارايتتى.

مېنىڭ پەيدا بولۇشۇم ئۇنىڭ چېھرىسىدە خۇشاللىق پەيدا قىلمىدى. بىراق، مەن ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلى-سىگە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم. بىز ئۆيگە كىردۇق، مار-گارىت باش كىيىمىنى ئېلىپ، ماۋۇق پەلتوسىنى سې-لىۋەتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلىدى. كەينىدىنلا مەشىنىڭ يېنىدىكى چوڭ يۇلەن-چۈكلۈك ئورۇندۇقتا ياتتى، ئۇ بۇ مەشتىكى ئوتنى ئە-تىيازنىڭ ئاخىرى، يازنىڭ بېشىغىچە يېقىڭلار دەپ تا-پىلىغانىدى.

بىز ئەمدىلا سۆزلىشىشكە باشلىۋىدۇق، بىر ياش گراف ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى، مارگارىت ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمىدى ھەمدە ئۆيدىكى دېدەككە تاپىلاپ:

— ئاڭلاپ تۇر، ناۋادا ئۇ كېيىن يەنە كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مېنى ئۆيدە يوق ياكى سېنى كۈتۈۋې-لىشنى خالىمايدۇ دېگىن، مەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەمىشە كېلىپ ماڭا بۇنداق تەلەپلەرنى قويۇشىدىن ھەقىقەتەنمۇ بۇرنى - قۇلىقىمغىچە تويۇپ كەتتىم. ئۇلار ماڭا پۇل بېرىپ قويۇپلا ئىشىمىز پۈتتى دەپ ئويلايدۇ. ناۋادا ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق پەسكەش كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى-ماقچى بولغان ئاشۇ ئايالLar بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى بىلىدىغان بولسا، ئۇلار دەللە بولۇشقا رازى بولغان بو-لاتتى. لېكىن ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ - دە، بىز شۆھ-رەتپەرەس كېلىمىز، كىيىم - كېچەك، پەيتۇن ۋە ئال-ماسلاردىن ئىبارەت بۇ نەرسىلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز. بىز باشقىلارنىڭ گېپىگە ئى-شىنىپ كېتىمىز، چۈنكى، تېنىمىزنى سېتىشنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئېتىقادى بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ روھى-مىزنى، قېنىمىزنى، ھۆسنىمىزنى ئاز - ئازدىن ساتىمىز.

بىز خۇددى ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئۈركۈتىمىز، خۇددى ئوغرىلاردەك كەمسىتىلىمىز. بىزنى قورشاپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تويماس، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزى نەپ ئېلىشنىلا ئوي-لايدىغان ئادەملەر، بىز ھامان بىر كۈنى باشقىلارنىمۇ، ئۆزىمىزنىمۇ ھالاك قىلغاندىن كېيىن، خۇددى ئىتقا ئوخشاش ئۆلۈپ كېتىمىز.

مەن بۇ قىزنىڭ ھاياتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىنى، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

مارگارىت شامدانىدىكى بىر تال شامنى ياندۇرۇپ، پەردازخانىغا كىردى. بىر ھازا ئۆتۈپ، ئۇ بېشىغا نازاكەتلىك كىچىك باش كىيىم كىيگەن ھالدا چىقىپ كەلدى، باش كىيىم سېرىق تاۋار لېنتا بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كەسىپ ئەھلى بولغانلار بۇنداق بېزەكنى كاللەكبەسەيسىمان تاۋار تۇگۇنەك دېيىشىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى تولىمۇ جەلپكار ئىدى.

— مېنىڭ يېتىشىمغا رۇخسەت قىلامسىز؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، كارىۋات تەرەپكە قاراپ ماڭغان ھالدا.

— مەن رۇخسەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سىزنىڭ شۇنداق قىلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن.

ئۇ كارىۋاتقا سېلىنغان كاۋاك چىلتەكلىك كارىۋات ياپقۇچىنى كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىگە تارتتى-دە، دەرھال ياتتى.

— ئەمدى، — دېدى ئۇ، — بۇ ياققا كېلىپ يېنىمدا ئولتۇرۇڭ، مۇڭدىشىمىز.

## 12

تاڭ سەھەر سائەت بەشتە، ئاجىز تاڭ نۇرى دېرىزە پەردىسىدىن ئۆتۈپ ياتاق ئۆيگە كىردى. مارگارىت ماڭا:

— كەچۈرۈڭ! مەن سىزنى بۇ يەردىن قوغلىماقچى-مەن، بۇنداق قىلماي باشقا ئىلاجىم يوق! گېرتسوگ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ كەلگەن چاغدا، باشقىلار ئۇنىڭغا مېنى تېخى ئۇخلاۋاتىدۇ، دەپ قويىدۇ، ئۇ بەلكىم مېنى ئويغانغىچە كۈتۈپ تۇرۇشى مۇم-كىن، — دېدى.

مەن مارگارىتنىڭ بېشىنى ئالىقانلىرىمغا ئالدىم، ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى پاخپىيىپ ئەتراپىغا يېيىلىپ تۇراتتى، ئاخىر مەن ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

— بىز يەنە قاچان كۆرۈشىمىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ كەينىدىنلا، — سىز تام مەشىنىڭ ئۈستىدىكى ئاشۇ ئالتۇن رەڭلىك كىچىك ئاچقۇچنى ئېلىپ، ماۋۇ ئىشىكنى ئېچىڭ-دە، ئاندىن ئاچقۇچنى قويۇپ، چىقىپ كېتىۋېرىڭ. بۈگۈن سىز مېنىڭ بىر پارچە خېتىم بىلەن بۇيرۇقۇمنى تاپشۇرۇ-ۋالىسىز، چۈنكى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ماڭا قارىغۇلارچە بويسۇنۇشىڭىز كېرەكلىكىنى بىلىسىز!

— شۇنداق، بىراق ھازىر مېنىڭ سىزدىن ئازراق بىرنەرسىنى ئىلتىماس قىلىشىمغا بولامدۇ-بولمامدۇ؟

— نېمىنى ئىلتىماس قىلىسىز؟

— بۇ ئاچقۇچنى ماڭا بەرسىڭىز كەن.

— بۇ نەرسىنى مەن ئەزەلدىن باشقىلارغا بېرىپ باققان ئەمەس.

— ئەمىسە، ماڭا بېرىڭا! چۈنكى مەن سىزگە قەسەم قىلىپ بەرگەن، مېنىڭ سىزنى سۆيۈشۈم باشقىلارنىڭ سىزنى سۆيۈشىگە ئوخشىمايدۇ.

بىز يەنە بىر هازا مەهكەم قۇچاقلاشتۇق، كېيىن مەن كېتىپ قالدىم.

بازاردا ئىنسۈجىن يوق ئىدى. ئۇيقۇچىلىقتىكى بۇ شەهەر بەجايىكى ماڭىلا تەئەللۇقتەك تۇيۇلاتتى.

بىر پاك ۋە سەبىي قىزنىڭ مۇهەببىتىگە نائىل بولۇش، ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم تىلسىم سۆيگۈنىڭ سىر ـ ئەسرارىنى كۆرسىتىش ئىنتايىن زور بەخت ئىدى. لېكىن بۇمۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئاددىي ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. مۇهەببەتلىشىپ كۆرمىگەن بىر قەلبنى ئۇتۇۋې-لىش خۇددى مۇداپىئەسىز شەهەرگە كىرىش بىلەن با-راۋەر ئىدى.

لېكىن هەقىقىي رەۋىشتە بىر پاهىشىنىڭ مۇهەب-بىتىگە نائىل بولۇش بۇ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان غەلىبە ئىدى. ئۇلارنىڭ جىسمانىيىتى روهىيىتىنى چىرىتكەن، هاۋايى ـ هەۋىسى قەلبىنى داغلىغان، بۇزۇق-چىلىق ئۇلارنى تاش يۈرەك قىلىپ يېتىلدۈرگەن، ئۇ-لارنىڭ مۇهەببىتى هېسسىياتتىن يارالغان ئەمەس، بەل-كى پۇل ئۇچۇن يارالغاندى.

شۇڭلاشقا، ئەنئەنىدىن هالقىغان مۇهەببەتنى قوز-غىيالىغان بىر ئەركەكتە شۇنداق بىر ئەپۇچان يۈرەك بار

بولۇپ، ئۇ بۇ ئايالنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولىدۇكى، بۇ ئايالنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ ئەركەك بۇ ئايال تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەنگە ئوخشاش ئۇ ئا- يالنى ياخشى كۆرۈپ قالغان چاغدا، بۇ ئادەم دەرھاللا پانىي ئالەمدىكى ھەممىۋا گۈزەل ھېسسىياتلاردىن تامامەن بەھرىمەن بولىدۇ ـ دە، بۇ قېتىملىق مۇھەببەتنى باش- تىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئەمدى باشقا ئاياللارنى سۆيمەيدىغان بولىدۇ.

مەن ئۆيگە قايتقان چېغىمدا، خۇشاللىقتىن تېرەمگە پاتماي قالدىم. مەن ئەسلىدە ماركارىت ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان توسالغۇلارنىڭ يوقالغىنىنى، ئۆزۈمنىڭ ئاللىقاچان ماركارىتقا ئېرىش- كىنىمنى، ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇئەييەن ئورۇن ئىگىلى- گەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنىڭ مېنىڭ يانچۇقۇمدا ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا، ھاياتنىڭ ئىن- تايىن گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، كۆرەڭلەپ كەتتىم، تەڭرىگە ھەمدۇسانالار ئوقۇدۇم. بۇنىڭ ھەممى- سىنى ماڭا تەڭرى ئاتا قىلغانىدى.

مەن قانچە ئويلىغانسېرى ماركارىتنىڭ مېنى يال- غاندىن سۆيمەن دېيىشىگە ھېچقانداق سەۋەبنىڭ يوق- لۇقىنى شۇنچە ھېس قىلاتتىم. مەن ئويلا ـ ئويلا ئاستاغىنە ئۇيقۇغا كەتتىم، پەقەت ماركارىتنىڭ خېتى كېلىپلا مېنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى.

خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

*«بۇ مېنىڭ بۇيرۇقۇم، بۈگۈن ئاخشام ۋودېۋىل تىيا-تىرخانىسىدا كۆرۈشەيلى. ئويۇن ئاخىرىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق دەم ئېلىشتا كېلىپ مېنى ئىزدەڭ!*

م. گ»

بۇ كۈنى مەن زادىلا ئولتۇرالماي قالدىم.

سائەت يەتتىدە ۋودېۋىل تىياتىرخانىسىغا باردىم، مەن ئىلگىرى تىياتىرخانىغا ھەرگىز مۇنداق بالدۇر بېرىپ باقمىغانىدىم.

مەن مۇنبەرنىڭ ئالدىدىكى بىرىنچى قەۋەت ئايرىم-خانىدا ئولتۇرغان مارگارىتنى يىراقتىن كۆردۈم.

بۈگۈن ئاخشام ئۇ نەقەدەر گۈزەل بولۇپ كەتكەن — ھە! ئۇ پەيدا بولغان چاغدا، تاماشىبىنلارنىڭ باشلىرى خۇددى دولقۇنلارغا ئوخشاش كەينى-كەينىدىن ئۇنىڭغا بۇرۇل-ماقتا ئىدى. ھەتتا سەھنىدىكى ئارتىسلارمۇ ئۇنىڭغا روبىرو قاراپ تۇراتتى.

فىرىدانىسمۇ ئايرىمخانىدا ئولتۇراتتى، ئايرىمخانىنىڭ كەينىدىكى ئورۇندا يەنە مەن تونۇيدىغان بىر گرافمۇ ئولتۇراتتى.

گرافنى كۆرۈپلا بەدەنلىرىم مۇزلاپ كەتتى.

مارگارىت ئايرىمخانىدىكى ئەركەكنىڭ مېنىڭ كەي-پىياتىمغا تەسىر قىلغانلىقىنى چوقۇم بايقىدى بولغاي، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە، كېيىن گرافقا

دۇمبىسىنى قىلىپ، پوتكول ئەس ـ يادى بىلەن ئويۇن كۆرمەكتە ئىدى. ئويۇن ئارىسىدىكى ئۈچىنچى قېتىم- لىق دەم ئېلىش ۋاقتى بولغاندا، مارگارىت كەينىگە بۇ- رۇلۇپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن، گراف ئايرىمخانىدىن چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن مارگارىت قول ئىشارىسى قىلىپ مېنى چاقىردى.

— خەيرلىك كەچ، — دېدى مارگارىت مەن ئايرىم- خانىغا كىرىشىمگە قولىنى ماڭا سۇنۇپ.

— خەيرلىك كەچ! — دېدىم مەن مارگارىت بىلەن فرىدانسقا.

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ!

— ئۇنداقتا، مەن باشقىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋال- مايمەنمۇ؟ گراف كەلمەمدۇ؟

— ئۇ كېلىدۇ، مەن ئۇنى قىيامغا مىلەنگەن مېۋە ئەكېلىشكە ئەۋەتتىم، شۇڭا ئۇ كەلگۈچە بىز بىر- دەم خالىي ئولتۇرۇپ سۆزلىشەلەيمىز. دۇۋرنوۋا خانىم ئىشەنچلىك ئادەم.

— بۈگۈن ئاخشام سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى مارگارىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئايرىمخانىنىڭ قاراڭغۇراق يېرىدە مېنى قۇچاقلاپ، پېشانەمگە سۆيگەن ھالدا.

— مەن سەل بىتاب بولۇۋاتىمەن.

— سىز ئۆيىڭىزگە قايتىپ بىردەم ئۇخلىسىڭىز ئاندىن ياخشى بولۇپ قالىسىز، — دېدى ئۇ يەنە. ئۇنىڭ

چىرايلىق قىياپىتى ئۇنىڭ ئاشۇ چاققانغىنە بېشىغا تېخىمۇ ياراشقانىدى.

— مېنىڭ ئۆز ئۆيۈمدە ئۇخلىيالمايدىغانلىقىم سىزگە تولىمۇ ئايانغۇ!

— ئۇنداقتا، سىز مېنىڭ ئايرىمخانامدا بىر ئەركەك بىلەن بىللە ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپلا ماڭا كۆز ئالايتىپ يۈرمەڭ!

— ئۇ سەۋەبتىن ئەمەس.

— شۇ سەۋەبتىن، مەن بىر قاراپلا بىلىۋالدىم. سىز خاتالاشتىڭىز، بىز بۇ ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشمەيلى. ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن، فىرىدانسلارنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ، تاكى مەن سىزنى چاقىرغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرۇڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم.

ئۇ مېنى يەنە بىر قېتىم سۆيدى، مەن ئايرىمخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئەمەلىيەتتە، بۇ كۇنى ئاخشىمى ئىشىپ قالغان ۋاقىتتا ئۆزۈمنى ئانچىۋالا ئارامبەخش ھېس قىلىپ كەتمىدىم.

## 13

ئويۇن تۈگەپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن فىرىدانسلارنىڭ ئۆيىگە باردىم.

مارگارىت ئايرىمخانىدىكى ھېلىقى گراف بىلەن بىللە ئىدى، مەن تەرىمنى تۈرگىنىمچە، مېھمانخانىدا يوغان - يوغان قەدەم تاشلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدىم.

— سىز تولىمۇ بەغەرەزلىك قىلىۋاتىسىز، بىلەمسىز كېرەككى، مارگارىت بىر يىلدا ئون نەچچە تۈمەن فرانك خەجلەيدۇ، ئۇنىڭ نۇرغۇن قەرزى بار، گراف ھەر يىلى ئۇنىڭغا ئاز دېگەندە بىر تۈمەن فرانكتىن ئارتۇق پۇل بېرىدۇ، مارگارىت گرافتىن يۈز ئۆرۈيەلمەيدۇ. مارگارىت سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، سۆيۈملۈك دوستۇم، لېكىن سىز ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە ئىنچىكىلەپ كەتمەسلىكىڭىز كېرەك. سىزنىڭ ئاشۇ يەتتە - سەككىز مىڭ فرانك ياردەم پۇلىڭىز ئۇنىڭ خىراجىتىگە دال بولالمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ پەيتونىنى رېمونت قىلىشقىمۇ يەتمەيدۇ. سىز مارگارىتنى سالاھىيىتىگە ماس ھالدا بىر ئەقىللىق، گۈزەل قىز ئورنىدا كۆرۈڭ ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭ، ئۇنى بىر - ئىككى ئاي ئاشنا تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئاز - پاز گۈل، قەنت - گېزەك ۋە ئويۇن بېلىتى سوۋغا قىلىڭ - دە، ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرمەڭ. ئەمدى ئۇنى كۈنلەيدىغان كۈلكىلىك ئويۇنلارنى ئوينىماڭ، ئۆزىڭىزنىڭ كىم بىلەن باردى -

كەلدى قىلىۋاتقانلىقىڭىز ئۆزىڭىزگە بەش قولدەك ئا-
يان، — دېدى فرىدانس ماڭا.

— دېگىنىڭىز توغرا، لېكىن مەن ئۆزۈمنى تىز-
گىنلىيەلمەيمەن، بۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئاشنىسى ئىكەن-
لىكىنى ئويلىسام، ئىچىم ئۆرتىنىپ كېتىدۇ.

— بىراق، — دېدى فرىدانس سۆزىنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ، — ئاۋۋال ئۇنىڭ ھازىرمۇ مارگارىتنىڭ ئاشنىسى
ياكى ئاشنىسى ئەمەسلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ
پەقەت گرافتىن پايدىلىنىۋاتىدۇ، خالاس. ئىككى كۈندىن
بۇيان مارگارىت ئۇنى ئىشىكتىن كىرگۈزمىدى. بۈگۈن
سەھەردە گراف كەلگەندى، مارگارىت باشقا ئامال قى-
لالماي، ئۇ ئېلىپ كەلگەن تىياتىر بېلىتىنى قوبۇل
قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆيۈن
كۆرگىلى باردى. كېيىن گراف ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ
قويغىلى كېلىپ، ئۆيدە بىرئاز ئولتۇردى. سىز بۇ يەردە
كۈتۈپ تۇرغاندىكىن، گراف ئۇزۇن ھايال بولمايدۇ.

فرىدانسنىڭ سۆزلىرى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى.

— سەزگۈلەرنىڭ تېزلىكى تۈپەيلىدىن، — دەپ ئوي-
لىدىم كۆڭلۈمدە، — بىز ھاياتنىڭ شۇنچىلىك قىسقى-
لىقىنى ھېس قىلماقتىمىز. مېنىڭ مارگارىت بىلەن
تونۇشقىنىمغا پەقەت ئىككى كۈنلا بولدى. تونۇگۈندىن
باشلاپ ئۇ مېنىڭ ئاشنامغا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇ مېنىڭ ئىدىيەمدە، مېنىڭ قەلبىمدە ۋە مېنىڭ

ھاياتىمدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى، شۇڭلاشقىمۇ، بۇ گرافنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىشى مېنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا مارگارىت بىزنى چاقىردى.

— تېز كېلىڭلار، پىچاق، ۋىلكىلارنى تىزىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ، — كېچىلىك تاماق يەيمىز.

مەن مارگارىتنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە، ئۇ ماڭا قاراپ ئالمان - تالمان يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، بويىنۇمغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپ، چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى.

— بىز ھەمىشىلا قېيىدىشىپ يۈرەمدۇق، — دېدى ئۇ ماڭا. مېنىڭ كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە تىكىلدى، كارىۋاتتا قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالامىتى يوق ئىدى. مارگارىت بولسا، ئاق رەڭلىك سەھەرلىك كىيىم كىيىۋالغانىدى، ھەممىمىز شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق.

نازاكەت، مۇلايىملىق ۋە ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ھەرقاندىقى مارگارىتتا كەم ئەمەس ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز - ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن يەنە بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىش ھوقۇقۇم يوق دەپ دەممۇدەم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتىم.

مېنىڭ ئەسەبىيلەرچە كۈلكىلىرىم خۇددى يىغلىغاندەك ئاڭلانغاچقا، ئۇلار راست يىغلاۋاتىدۇ دەپ ئىشىنىپ قېلىشقانىدى.

كېچىلىك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيدە پەقەت مارگارىت ئىككىمىزلا قالغانىدۇق. ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە ئوخشاش مەشنىڭ ئالدىدىكى گىلەمدە ئولتۇرۇۋېلىپ، قايغۇ ـ ھەسرەتلىك چىرايى بىلەن مەشـ تىكى ئوتقا قارايتتى.

ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەنىدى، مەن ئۇنىڭ نېمە خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيتتىم. مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن، شۇنداقلا يەنە ۋەھىمە بىلەن قارايتتىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن تارتىدىغان ئازابلارغا چىداشقا تەييارلىق قىلىشنى ئويلاپ قويغانىدىم.

— مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيمەن.

— مەن چارە ـ ئامال ھەققىدە ئويلاۋاتىمەن. چارە ـ ئاماللارنى تېپىپمۇ بولدۇم.

— قانداق چارە ـ ئاماللارنى تاپتىڭىز؟

— ھازىر بۇنى سىزگە ئېيتالمايمەن، لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى سىزگە ئېيتىپ بېرىشكە بو- لىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بىر ئايدىن كېيىن مەن ئەركىنلىككە چىقىمەن. مەن ئۇ چاغدا ھېچكىمگە قەرز ئەمەسمەن. بىز بىللە سەھراغا بېرىپ، سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ كېلىمىز.

— ئەجەبا، قانداق چارە ـ ئاماللارنى تاپقىنىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلمەمسىز؟

— ئېيتىشقا بولمايدۇ، پەقەت سىز مېنى مەن سىزنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرسىڭىزلا، ھەممە ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سەل قوپالراق تەلەپپۇزدا جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدىم:

— مەن سىزنىڭ بۇ ئەپچىل چارە ـ ئامالىرىڭىز ئىچىدە گرافنى سىزنىڭ شېرىكىڭىزمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن، بۇ چارە ـ ئاماللارغا نىسبەتەن، مەن ھەم مەسئۇلىيەتنىمۇ ئۈستۈمگە ئالمايمەن، ھەم ئۇنىڭ پايدىسىدىنمۇ بەھرىمەن بولمايمەن.

— سىز تازىمۇ بىر گۆدەك بالا ئىكەنسىز. مەن تېخى سىزنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن. مەن چۆچۈرىنى خام ساناپتىمەن، ئۇنداق بولسا بوپتۇلا.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مارگارىت پىئانىنونى ئېچىپ، ھېلىقى «تانسىغا تەكلىپ قىلىش مۇزىكىسى» نى چېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ مۇزىكىغا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىدىن چېلىۋاتقانلىقىنى ياكى بىز تونۇشقان كۈندىكى ئاشۇ مەنزىرىنى ماڭا ئەسلىتىش ئۈچۈن چېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئېسىمدە قالغىنى شۇكى، بۇ مۇزىكىنى بىر ئاڭلاپلا، ئۆتكەن ئىشلار كاللامدا ئايان بولۇشقا باشلىدى. شۇڭلاشقا، مەن ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم ـ دە، ئىككى قولۇم بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ سۆيۈپ قويدۇم:

— مېنى ئەپۇ قىلارسىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— قارالڭ سىزنى، — دېدى ئۇ ماڭا، — بىزنىڭ تو-نۇشقىنىمىزغا ئاران ئىككى كۈن بولدى، لېكىن مەن بەزى ئىشلاردا سىزنى كەچۈرۈۋېتەي دەۋاتىمەن، سىز بولسىڭىز سىزگە قارىغۇلارچە بويسۇنىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن تۇرۇقلۇق، يەنە لەۋزىڭىزدە تۇرمايۋاتىسىز.

— سىز مېنى قانداق قىل دەيسىز، مارگارىت؟ مەن سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەن سىزنىڭ ھەرقان-داق بىر ئويىڭىزغىمۇ گۇمان بىلەن قارايمەن، سىز بايا ماڭا دېگەن ئىش مېنى شۇنچىلىك خۇشال قىلدىكى، گۈلقەقەلىرىم ئېچىلىپ كەتتى، لېكىن بۇ پىلاننى ئە-مەلگە ئاشۇرۇشتىكى سىرلىقلىق مېنى ئازابلىماقتا.

بىر سائەتتىن كېيىن مارگارىت مېنىڭ قوينۇمدا يېتىپ بولغانىدى. بۇ پەيتلەردە مارگارىت مېنى جىنايەت سادىر قىلىشقا بۇيرۇسىمۇ باش تارتمىغان بولاتتىم.

ئەتىگەن سائەت ئالتىدە كېتىشىم كېرەك ئىدى، كېتىشتىن ئىلگىرى مەن مارگارىتتىن:

— بۈگۈن ئاخشام كۆرۈشەمدۇق؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ مېنى قىزغىنلىق بىلەن سۆيدى، لېكىن مې-نىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدى.

كۈندۈزى مەن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە مۇنداق بىرنەچچە جۈملە سۆز بار ئىدى:

*«سۆيۈملۈك بالام، مېنىڭ تاۋۇم يوقىراق تۇرىدۇ. دوختۇر ماڭا ئارام ئال، دېدى. بۈگۈن ئاخشام مەن بالدۇرراق ئۇخلايمەن، شۇڭا كەچتە بىز ئۇچراشمايلى، لېكىن بۇنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە، ئەتە چۈشتە مەن سىزنى كۈتىمەن.*

*سىزنى سۆيىمەن.»*

كاللامدىكى تۇنجى خىيال ئۇ مېنى ئالداۋاتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

چېكەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى، مەن بۇ ئايالنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، شۇڭا، بۇ گۇمان مېنىڭ ئەس ـ ھوشۇمنى مالىماتاڭ قىلىۋەتكەنىدى.

مەن ئۆزۈمدە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بولغاندىكىن، نېمىشقا ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك ئۇنى كۆرگىلى بارمايمەن، مۇشۇنداق قىلسام ئىشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تېزلا بىلىۋالمايمەنمۇ، دەپ ئويلايتتىم.

مەن ئىپار قوۋالشىر كوچىسىغا بېرىپ، توپتوغرا تۆت سائەت چۆرگىلەپ يۈردۈم، لېكىن ئۇ كۆرۈنمىدى. كەچتە يەنە دائىم بارىدىغان تىياتىرخانىلارغا باردىم، ئۇ يەردە ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

سائەت 11 دە مەن مارگارىت ئائىلىسىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ يىپىنى تارتتىم.

ئىشىكباقار ماڭا مارگارىتنىڭ ئۆيىدە يوقلۇقىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ مەندە ئاچقۇچ بولغاندىكىن،

ئىشىكباقارغا قارىماستىن ئۆدۆل ئۆيگە كىرىۋەرسەممۇ بولىۋېرەتتى، لېكىن مەن مەسخىرىگە قېلىشتىن قورقتۇم ـ دە، كېتىپ قالدىم.

بىراق، مەن ئۆيۈمگە قايتمىدىم، مېنىڭ كۆزلىرىم باشتىن ـ ئاخىر ماركارتىنىڭ ئۆيىگە قادالغانىدى.

تۈن نىسبىگە يېقىنلاشقاندا، گراف G نىڭ پەيتۈنى ماركارتىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى.

گراف G كىرىپ كەتتى.

شۇ چاغدا، مەن ئۇنىڭغىمۇ باشقىلارنىڭ ماڭا ماركارت ئۆيدە يوق دەپ ئېيتقىنىدەك ئېيتىشىنى، گرافنىڭ ئۆيدىن قايتىپ چىقىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلغانىدىم. لېكىن ئۇ تاكى تاڭ سەھەر سائەت تۆتكىچە چىقمىدى، لېكىن مەن يەنىلا كۈتۈپ تۇردۇم.

ئۈچ ھەپتىدىن بۇيان مېنىڭ چەكمىگەن ئازاب ـ ئوقۇبىتىم قالمىدى، لېكىن ئاشۇ ئاخشامقى ئازابىمغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

## 14

مەن ئۆيۈمگە قايتىپ بېرىپلا، خۇددى كىچىك بالىدەك يىغلاپ تاشلىدىم.

ئىچىم چىدىغۇسىز قەھر ـ غەزەپكە تولدى، ئازاب

ئىچىدە مۇنداق قارارغا كەلدىم: بۇنداق مۇھەببەتتىن دەرھال ئادا ـ جۇدا بولۇشۇم كېرەك، دەرھال پويىز بېـ لىتىگە تىزىملىتىپ، دادامنىڭ يېنىغا كېتەي.

لېكىن مەن مارگارىت مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىـ شىمدىكى سەۋەبلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى كېتىشنى خالىمايتتىم.

مەن ئۇنىڭغا قانداق خەت يېزىشىم كېرەكلىكى ھەققىدە قايتا ـ قايتا ئويلاندىم.

كۆزلىرىمدە قەھر ـ غەزەپ بىلەن قايغۇ ـ ھەسـ رەتنىڭ ياشلىرى لىغىلدايتتى. بۇ خەتنى ئەڭ چىرايلىق خەت شەكلى بىلەن يېزىپ چىقتىم:

*«سۆيۈملۈك مارگارىت!*

*مەن تۈنۈگۈنكى بىتاپلىقىنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە ئانچە كۆپ تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىـ لىمەن، مەن تۈنۈگۈن ئاخشام سائەت 11 دە كېلىپ سىز توغرۇلۇق سوراشتا قىلدىم، بىراۋلار سىزنى تېخى كەلمىدى، دېدى. G ئەپەندى ماڭا باققاندا تەلەيلىك ئىـ كەن، چۈنكى ئۇ مەن كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرىپ كەتتى. تاكى سائەت تۆتكىچە يەنىلا سىزنىڭ قېشىڭىزدا بولدى.*

*مەن سىزنى ئازابلىق مىنۇتلارنى باشتىن كەـ چۈرۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايـ مەن، بىراق سىز خاتىرجەم بولۇڭكى، مەن سىز ماڭا*

ئاتا قىلغان ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن.

مەن بۈگۈن ئەسلىدە سىز توغرۇلۇق خەۋەر ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن بېرىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن مەن دا-دامنىڭ قېشىغا كەتمەكچى بولدۇم.

خەير ـ خوش، سۆيۈملۈك مارگارىت، مەن سىزنى خۇددى مىليونېر بايلارغا ئوخشاش سۆيۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن مەندە ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق، سىز مېنى خۇددى ھېچ نېمىسى يوق بىر يوقسۇل بې-چارىدەك ياخشى كۆرسىكەن دېيسىز، لېكىن مەن ھېچ-نېمىسى يوق ئادەممۇ ئەمەس. ئۇنداقتا، بىز ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، ئۇنتۇش دېگەننىڭ سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر ئەرزىمەس ئىسىمنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن دېرەك بېرىدۇ، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا بولسا، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان بىر شېرىن چۈشنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. خا-لاس.

مەن سىزنىڭ ئاچقۇچىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرەي، مەن ئۇنى تېخى ئىشلىتىپ باقمىدىم، ناۋادا سىز ھەممىشە تۇنۇگۈنكىدەك بىتاپ بولۇپ تۇرسىڭىز، ئۇنىڭ سىزگە كېرىكى بولۇپ قالىدۇ.»

مەن بۇ خەتنى تەكرار نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىق-تىم، بۇ خەتنىڭ مارگارىتنى ئازابلايدىغانلىقىنى ئويلاپ

كۆڭلۈم بىرئاز تەسكىن تېپىپ قالدى.

سائەت سەككىزدە مېنىڭ خىزمەتكارىم خەتنى ئا-پىرىپ بەرگىلى كەتتى.

مەن ئۇنىڭ جاۋاب خەت يېزىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. مەن ئۇنىڭ ماڭا بېرىدىغان ئىزاھاتىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىنىپ بولغانىدىم.

خىزمەتكار قايتىپ كەلدى، ئۇ پەقەت مارگارىت تېخىچە ئۇخلاۋېتىپتۇ، دەپلا قويدى.

مەن يەنە خىزمەتكارنى خەتنى قايتۇرۇپ ئەكېلىشكە بۇيرۇۋېتىشنىمۇ ئويلاپ باقتىم.

لېكىن مەن ناۋادا خەتنى قايتۇرۇپ ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتسەم، پۇشايمان قىلغىنىمنى ئىپادىلەپ قويغۇدەكمەن دەپمۇ ئويلىدىم.

سائەت 12 گە داڭ ئۇردى، جاۋاب خەت تېخىچە يوق ئىدى. كۆڭلىدە تەقەززا بولغان نەرسىسى بار بىرمۇنچە كىشىلەرگە ئوخشاش، مەندىمۇ بىر خىل خۇراپىي ئىدىيە بار بولۇپ، پەقەت ئۆيدىن چىقىپ بىرھازا ئايلىنىپ كەلسەملا جاۋاب خەتنى كۆرىمەنغۇ دەپ قارايتتىم.

مەن چۈشلۈك تاماق يېيىشنى باھانە قىلىپ كو-چىغا چىقتىم، ئەمەلىيەتتە چۈشلۈك تاماققا ئىشتىھايىم يوق ئىدى. مېنىڭ كۆزلىرىم ئاشپۇزۇلدىكى تامغا ئې-سىلغان سائەتكە مىختەك قادالغانىدى.

قايتىپ كەلسەم، ئۆيدىكىلەر ھېچقانداق جاۋاب خەتنى

تاپشۇرۇۋالماپتۇ.

مەن پۇشايمان قىلدىم.

مەن تېخى ئۇنى ئۆزى كېلىپ قالار دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ۋاقىت سائەت ـ سائەتلەپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ كەلمىدى. مارگارىت ھەقىقەتەنمۇ باشقا ئاياللارغا ئوخشىمايتتى، چۈنكى، بۇنداق خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنكاس قايتۇرمايدىغان ئاياللار ئىنتايىن ئاز تېپىلاتتى.

سائەت بەشتە مەن ئېلىزې قوۋالىشىر كوچىسىغا باردىم.

سائەت يەتتىدە مەن يەنە خان ئوردىسى تىياتىرخانىسىغا، ئاندىن مارگارىت ھەمىشە بارىدىغان تىياتىرخانىلارغا باردىم، ھېچقانداق يەردىن ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى تاپالمىدىم.

بىر بولسا مېنىڭ خېتىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغاچقا، ئۇنىڭ ئويۇن كۆرگۈسىمۇ كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر بولسا ئۇ بىر قېتىملىق چۈشەنچە بېرىشتىن قېچىپ، مەن بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇلار مېنىڭ يولدا كېتىۋاتقىنىمدا شۆھرەتپەرەسلىكىم قوزغىغان ئوي ـ پىكىرلەر ئىدى.

مەن بىردىنلا گارىستونغا يولۇقۇپ قالدىم.

ئۇ ماڭا مارگارىتنىڭ چوڭ تىياتىرخانىدا ئىكەنلىكىنى، يەنە مېنىڭ ئاسانلىقچە قولغا چۈشۈرگىلى بولمايدىغان بىر چىرايلىق ئاشنا تېپىۋالغانلىقىمنى

تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ناۋادا مەن ئۇنى تونۇغۇن ئۇچراتقان بولسام، يەنە كېلىپ ماڭا بۇ گەپلەرنى ئېيتقان بولسا، مەن چوقۇم ھېلىقى ئەخمىقانە خەتنى يېزىپ يۈرمىگەن بولاتتىم.

ئاخشىمى مەن كارىۋاتتا يېتىپ مۇنداق ئويلىدىم:

«ئۇ بەلكىم مېنىڭ يەنە نېمە ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ باقماقچى، مېنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن يازغان خېتىمنى قايتۇرۇۋېلىش خىيالىمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ باقماقچى بولسا كېرەك. لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە قايتا خەت يازمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئەتە ماڭا خەت يېزىپ قېلىشى مۇمكىن.»

بۇ كېچە مەن ئۆيدە يالغۇز غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپ، زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. كۆڭلۈم پەرىشان، رەشىك ئوتى يېلىنجىماقتا ئىدى.

ناۋادا مۇشۇنداق يوقىلاڭ، ئۆسەك گەپلەرنى قىلىپ خەت يازمىغان بولسام، مەن شۇ تاپتا مارگارىتنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تولغان يېقىملىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرماسمىدىم، بۇنداق گەپلەرنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم ئاڭلىغانىدىم، ھەر قېتىم بۇ گەپلەرنى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئېسىمگە ئالغىنىمدا، ئىككى قۇلىقىم ئوتتەك قىزىپ كېتەتتى.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇ چاغلاردا ئەڭ قورقۇنچلۇقى شۇكى، ئەقىل ـ ئىدرىكىم ماڭا ئۆزۈمنىڭ

خاتالاشقانلىقىمنى ئېيتىپ بەرمەكتە، پاكىت مارگارىت-نىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا ئى-دى: بىرىنچىدىن، ئۇ مەن بىلەن يالغۇز سەھراغا بېرىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلماقچى بولغان. ئىككىنچىدىن، ئۇنى مېنىڭ ئاشنام بولۇشىغا مەجبۇرلايدىغان ھېچقانداق سەۋەب يوق. مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ئۇنىڭ كۈندىلىك خىراجىتىگە يەتمەيدۇ، ھەتتا تېخى بىر مەھەللىك پار-چە ـ پۇرات چىقىمىغىمۇ چىقىشمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ھەقىقىي مۇ-ھەببەتكە ئېرىشىش.

ئۇنىڭ ھاياتى سودا خاراكتېرلىك مۇھەببەتكە تولۇپ تاشقاندى. بۇنداق ھەقىقىي مۇھەببەت ئۇنى ئارام ئېلى-ۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى.

مەن بولسام ئەتىسىلا ئۇنىڭ بۇنداق ئۈمىدىنى ۋەي-ران قىلىۋەتتىم، ئۇنىڭ ئىككى كېچىلىك مۇھەببەت بەدىلىگە ئېرىشكىنى مېنىڭ رەھىمسىز مەسخىرەم بولدى. مەن ئۇنىڭغا بىر تىيىن بەرمىگەن تۇرسام، نەدە يۈرۈپ ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئەيىبلىگۈدەك ھوقۇ-قۇم بولسۇن؟ مەن ئىككىنچى كۈنىلا پۇشمىنى قېقىپ كۆزدىن غايىب بولدۇم. ئۇ ئىشق ـ مۇھەببەت مەيدانىدا باشقىلارنىڭ تاماق ـ سەي تىزىلىكىنى ئېلىپ كېلىپ، يېگەن تاماق پۇلىنى تۆلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشىدىن قورققان ھارامتاماقنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ مارگارىت بىلەن

تونۇشقىنىمىغا ئاران 36 سائەت، ئاشنا بولغىنىمىغا ئاران 24 سائەت بولغان تۇرۇپلا، مەن ئۇنىڭغا قىيىدىغىلىلى تۇردۇم! يۈرىكىنى ماڭا بېرىپ، مېنى ياخشى كۆرەلىگەن تۇرسا، مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇنى ئۆزۈم يالغۇز ئىگىلىۋالماقچى بولسام، ئۇنى ئىلگىرىكى ھەنىنىۋا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۇ-زۈشكە مەجبۇرلىسام بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ مۇناسى-ۋەتلەر ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ مەنبە-سى تۇرسا، مەن نېمىگە ئاساسەن ئۇنى ئەيىبلەيمەن؟ ئۇ بەزى يۈرىكى قاپتەك، ئۆكتەم ئاياللارغا ئوخشاش، ئۇدۇ-لىسىغىلا، مەن باشقا بىر ئاشنامنى كۈتمەن دېسە بو-لۇۋېرەتتىغۇ، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى خەت يېزىپ، مەن بىتاپ بولۇپ قالدىم، دېدى. مەن ئۇنىڭ كېيىنگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى يوشۇرۇنچە كۆ-زەتتىم، ئۆزۈمچە يوقلاپ بارماسلىقىمنى ئۇنىڭغا بېرىل-گەن جازا دەپ قارىدىم.

ئەمىسە، مېنىڭ مارگارىتقا خۇددى بىر پاھىشىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ مېنى پىخسىق دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سوۋغا بېرد-شىم كېرەكمۇ؟ بۇ چاغدا ئىككىمىز ئۆزئارا ئالمىغان-بەرمىگەن بولۇپ كەتكەن بولاتتۇق. بىراق، مېنىڭ بىز-نىڭ مۇھەببىتىمىزگە مىس تەڭگىلەرنىڭ سېسىق ھىدىنى بىزەمۇ يوقتۇرغۇم يوق ئىدى، ئۇنداق بولمىغاندا،

ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى تۆۋەن كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ، كەم دېگەندە مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەب-بىتىمگە داغ چۈشكەن بولاتتى.

مانا بۇ ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى مېنىڭ ئويان ئۆرۈ-لۈپ ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئويلىغان ئويلىرىم. شۇنداقلا ھەر-قانداق چاغدا مارگارىتقا ئېيتماقچى بولۇپ يۈرگەن گەپ-لىرىم ئىدى.

سىزمۇ بىلىسىزكى، كەسكىن بىر قارارغا كېلىش، يەنى يا بۇ ئايال بىلەن پۈتۈنلەي ئادا ـ جۇدا بولۇپ كې-تىش، يا بۇنىڭدىن كېيىن گۇمانخورلۇق قىلماسلىق كېرەك.

لېكىن يەنە شۇنىسىمۇ ئۆزىڭىزگە مەلۇملۇقكى، مەن بىر قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى دائىم يېنىش ـ يېنىش دېلىغۇل بولۇپ يۈردۇم، مۇبادا مۇۋەپپەقىيەت قازانسام، بۇ تاسادىپىيلىقتىن بولۇپ قالدى دەيتتىم، بۇنداق بولغاندا يۈزۈمنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى.

سائەت توققۇز بولغاندا، مەن ئالدىراپ ـ تېنەپ فىر-دانسىنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇ مېنىڭدىن، قاق سەھەردە ئۆزى ئىزدەيدىغان نېمە ئىشىڭىز بار؟ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىۋاسىتە ئېيتىشقا پېتىنالماي، پەقەت شۇنچە ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىشىمدىكى مەقسىتىمنىڭ C شەھىرىگە بارىدىغان پەيتۇندىن بىر ئورۇن ئۇقۇشۇش ئىكەنلىكىنى،

مېنىڭ دادامنىڭ C شەھىرىدە تۇرىدىغانلىقىنىلا ئېيتتىپ قويدۇم.

— سىز مارگارىت بىلەن خوشلىشىپ چىقماقچىمۇ؟

— ياق.

— ئۇنداقتا، ناھايىتى ياخشى.

— سىزنىڭچە شۇنداق قىلسام ياخشى بولامدۇ؟

— دەرۋەقە، سىز ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، يەنە كۆرۈشۈپ چىقىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— ئەمىسە، بىزنىڭ ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتكىنىمىزنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئۇ سىزنىڭ خېتىڭىزنى ماڭا كۆرسەتتى.

— ئەمىسە ئۇ بىرەرنەرسە دېمىدىمۇ؟

— قەدىرلىكىم فرىدانس، — دېدى ئۇ ماڭا، — سىزنىڭ ھېلىقى ئەتىۋارلىقىڭىز ئەدەپ ـ قائىدە دېگەننى بىلمەيدىكەن، بۇنداق خەتنى پەقەت ئىچىدىلا ئويلىغىلى بولىدۇ، ئۇنى قانداقمۇ قەغەز يۈزىگە چىقارغىلى بولسۇن؟

— ئۇ قانداق تەلەپپۇزدا دېدى؟

— كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىككى قېتىم كېچىلىك تاماق يېدى. تېخىچە ئالدىمغا كېلىپ رەھمەتمۇ ئېيتىپ باققىنى يوق.

مانا بۇ مېنىڭ كۆندەشلىكىم ۋە مېنىڭ ھېلىقى خېتىم پەيدا قىلغان نەتىجە ئىدى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ نېمە ئىش قىلدى؟

— ئۇ چوڭ تىياتىرخانىغا باردى.

— بۇنى مەن بىلىمەن، كېيىنچۇ؟

— ئۆيىدە كېچىلىك تاماق يېدى.

— گراف G بىلەن بىللە يېگەندۇ؟

دېمەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىككىمىزنىڭ ئادا ـ جۇدا بولۇشى مارگارىتنىڭ ئادىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمىگەنىدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدىم مەن ئاچچىق كۈلگىنىمچە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مارگارىتنىڭ مەن ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ خۇشال بولدۇم.

— ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئەقىلغا تولىمۇ مۇۋاپىق. سىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىڭىز، سىز ئۇنىڭدىنمۇ ئەقىللىقراق بولۇڭ، چۈنكى، بۇ قىز سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا، سىزنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ.

— شۇنداق ئىكەن، ئۇ نېمىشقا ماڭا جاۋاب خەت يازمايدۇ؟

— چۈنكى، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالماسلىقى

لازىملىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالالار بەزىدە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مۇھەببەتتە ئالدىغانلىقىغا تاقەت قىلالىسىمۇ، لېكىن ئۇ-لارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلى-شىغا، بولۇپمۇ ئىككى كۈن ئاشنا بولۇپلا تاشلاپ كې-تىشىگە ئەسلا يول قويمايدۇ. مەن مارگارىتنى چۈشى-نىمەن، سىزگە ئۆلسىمۇ خەت يازمايدۇ.

— لېكىن مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ئەپۇ قىلى-شىنى ئۆتۈنسەمچۇ؟

— ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ، ئۇ بەلكىم سىزنى كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

مەن سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، فرىدانسىنىڭ بوي-نىغا گىرە سېلىپ ئېسىلىۋالغىلى تاسلا قالدىم. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەيلا قالغاندىم.

چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆيگە كېلىپ، مارگارىتقا خەت يازدىم.

*«بىرسى ئۆزى تونۇگۇن يازغان خېتى ئۈچۈن پۇ-شايمان قىلماقتا، ناۋادا سىز ئۇنى ئەپۇ قىلىشنى خالى-مىسىڭىز، ئۇ ئەتىلا پارىژدىن كېتىدۇ.*

*ئۇنىڭ ئايىغىڭىزغا قاچان يىقىلىپ تۇرۇپ باش ئۇرۇپ، ئۆز پۇشايمىنىنى ئىزھار قىلىشقا بولىدى-غانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ.*

*سىز ئۇنىڭ بىلەن قاچان يالغۇز كۆرۈشۈشنى خالايسىز؟ چۈنكى، سىز بىلىسىزكى، توۋا ـ ئىستىغپار قىلغان مەيداندا ئارتۇق ئادەم بولماسلىقى كېرەك.»*

خىزمەتكار خەتنى ئاپىرىپ بېرىپ قايتىپ كەلدى ـ دە، ماڭا بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزدى: مارگارىت بىردەمدىن كېيىن خەت يازىمەن، دەپتۇ.

مەن بىر كۈن سىرتقا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تاكى كەچ سائەت 11 دىمۇ خېتىنىڭ قارىسىنى كۆرمىدىم. مەن مۇشۇنداق ئازاب چېكىشۋەرسەم بولمايتتى، شۇڭا مەن ئەتىلا مېڭىشنى قارار قىلدىم.

## 15

خىزمەتكار ئىككىيلەن كۈدە ـ كۆپلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتۇق، بىرسى تۈيۇقسىزلا ئىشىك قوڭغۇرىقىنى كۈچەپ تارتىپ قالدى.

مەن خىزمەتكارغا ئىشىكنى ئېچىشنى بۇيرۇدۇم. ئىچىمدە بولسا، بۇنداق چاغدا ئۆيگە كەلگەن كىمدۇ؟ دەپ غۇدۇرىدىم. چۈنكى، مەن بۇ ۋاقىتتا مارگارىتنىڭ ئىزدەپ كېلىشىگە ئىشەنمەيتتىم.

— بىز، ئارماند، — مەن بۇنىڭ فرىدانسىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

مەن ياتاق ئۆيۈمدىن چىقتىم.

فرىدانس مېھمانخانامدىكى بىرنەچچە ئۆي جاھازلىرىنى تاماشا قىلماقتا ئىدى، مارگارىت بولسا ساپادا ئولتۇرۇۋېلىپ چوڭقۇر خىيال سۈرمەكتە ئىدى.

مەن ئۇدۇل مارگارىتقا قاراپ ماڭدىم ـ دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ، قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا:

— مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدىم.

ئۇ مېنىڭ پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ:

— بۇ مېنىڭ سىزنى ئۈچىنچى قېتىم كەچۈرۈشۈم، — دېدى.

فرىدانس ياتاق ئۆينى كۆرىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ چىقىپ كەتتى.

— سىز نېمە ئۈچۈن فرىدانسنى بىللە ئېلىپ كېلىسىز؟

— چۈنكى، مەن ئۇيۇن كۆرگەن چاغدا ئۇ ماڭا ھەمراھ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىن كېتىدىغان چاغدىمۇ ماڭا بىرسى ھەمراھ بولۇشى كېرەك.

— مەن بار ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مەن بىر تەرەپتىن سىزنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايمەن، يەنە بىر تەرەپتىن مەن شۇنى جەزملەشتۇرەلەيمەنكى، سىز مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپلا، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىسىز،

مەن بولسام بۇ تەلەپكە قوشۇلمايمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ رەت قىلىشى تۇپەيلىدىن، مەن بىلەن خوشلاشقان چېغىڭىزدا مەندىن رەنجىپ قېلىشىڭىزنى كۆرۈشنى خالىمايمەن.

— ئەمىسە، سىز نېمە ئۈچۈن مېنى كۈتتۈۋالمايسىز؟

— چۈنكى، مەن قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋاتىمەن. سەل - پەل دىققەتسىزلىك قىلسامىلا، زور خاتالىق سادىر بولىدۇ.

— پەقەت مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ؟

— ناۋادا باشقا سەۋەب بولسا، مەن سىزدىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەمدى ھېچقانداق مەخپىيەتلىك قالمىدىغۇ؟

— مارگارىت، مەن سىز بىلەن ئەگمىتىپ گەپلەشىشنى خالىمايمەن، راستىنى ئېيتىڭا، سىز زادى مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن.

— ئەمىسە، سىز نېمە ئۈچۈن مېنى ئالدايسىز؟

— دوستۇم، ناۋادا مەن بىر گېرتسوگنىڭ خانىمى بولغان بولسام، ناۋادا مېنىڭ 200 مىڭ فرانك يىللىق كىرىمىم بولغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز ئاشنا بولۇشقاندىن كېيىنمۇ مەن يەنە باشقا بىر ئاشنا تۇتقان بولسام، ئاندىن بەلكىم سىز مەندىن مېنى نېمىشقا ئالدايسىز دەپ سوئال سوراشقا ھوقۇقلۇق بولۇشىڭىز

مۇمكىن. لېكىن مەن مارگارىت گېيدىئەي خانقىز بو-
لىمەن. 40 مىڭ فرانك قەرزىم بار، ئازراقمۇ مال -
مۈلكۈم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى خىراجەت ئۆ-
چۈن 100 مىڭ فرانك خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭ-
لاشقا، سىزنىڭ سوئالىڭىز ئەھمىيەتسىز سوئاللار، مې-
نىڭ جاۋابلىرىممۇ زېھنىمنى بىكار ئىسراپ قىلغانلىق.

— راستىنلا ئاشۇنداق، — دېدىم بېشىمنى مارگا-
رىتنىڭ تىزىغا يېقىپ تۇرۇپ، — لېكىن مەن سىزنى
سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرىمەن!

— ئەمىسە، دوستۇم، سىز مېنى ئازراق ياخشى
كۆرۈپ، كۆپرەك چۈشىنىڭ! سىزنىڭ خېتىڭىز مېنىڭ
كۆڭلۈمنى تولىمۇ ئاغرىتتى. ناۋادا مەن بىر چۈشەك-
سىز، ئەركىن - ئازادە ئادەم بولغان بولسام، ئالدى بىلەن
مەن ئۇلۇشكۇنلا گرافنى ئۆيۈمگە كىرگۈزمەيتتىم، ئۆ-
يۈمگە كىرگۈزگەن تەقدىردىمۇ، مەن كېلىپ سىزدىن
ئەپۇ سورايتتىم. بىر چاغلاردا مەن ئالتە ئايلىق بەختتىن
بەھرىمەن بولالايمەنغۇ دەپ ئويلاپ تۇرسام، سىز قانداق
ئۇسۇل بىلەن شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمىسەم
زادى بولمايدۇ دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدىڭىز. ئەمەلىيەتتە،
قانداق ئۇسۇل قوللىنىدىغانلىقىنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟
مەن بۇ ئۇسۇللارنى قوللانغان چاغدا بەرگەن قۇربانلار
سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدىنمۇ زور. ئەسلىدە مەن
سىزگە ماڭا يىگىرمە مىڭ فرانك لازىم، دېسەم
بولۇۋېرەتتى. ماڭا ئاشىق بولۇپ، ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك

ئايلىنىپ يۈرگەن مۇشۇنداق پەيتتە، سىز ئىپتىمال ئۇنچىلىك پۇلنى غەملەپ كېتەلەيتتىڭىز، لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سىز مەندىن ئاغرىنىپ قې-لىشىڭىز مۇمكىن ئىدى. لېكىن مەن ھەرقانداق ئىشتا سىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەسلىكنى مۇۋاپىق تاپتىم. بىزدەك ئاياللاردا ئاز - پاز ۋىجدان بار چاغدا، بىزنىڭ دېگەن گەپلىرىمىز بىلەن قىلغان ئىشلىرىمىز چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولىدۇ، بۇنى باشقا ئاياللار چۈشىنەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتايكى، مارگارىت گېيدىئەيگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ تاپقان ھەم سىزدىن پۇل تەلەپ قىلمايدىغان، ھەم قەرزنى قايتۇرالايدىغان ئۇ-سۇل بولسا، ئۇ سىزگە قىلىنغان بىر خىل يېقىنچى-لىق، سىز بۇ ئۇسۇلنى گەپ - سۆزسىز قوبۇل قىلى-شىڭىز كېرەك. ناۋادا سىز مەن بىلەن بۇگۈنلا تونۇشقان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز مەن سىزگە ماقۇل بولغان ئىشتىن ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتى-ڭىز - دە، مەندىن بۇرناكۇن نېمە ئىش قىلغانلىقىمنى سوراپ يۈرمەيتتىڭىز. بەزىدە بىز جىسمانىيىتىمىزنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە مەنىۋى جەھەتتە قانائەت تې-پىشقا مەجبۇر بولىمىز، لېكىن مەنىۋى جەھەتتىكى قانائەتتىنمۇ مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ئازابلىق ھېس قىلىمىز.

مەن مارگارىتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم.

— ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام-لاشتۇرۇپ، — تەقدىرگە تەن بەرگەن بىزدەك ئايالالارنىڭ غەلىتە ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن ئويلاپ يەتكىلى بول-مايدىغان ئىشق - مۇھەببەتلىرى بولىدۇ. بىز بەزىدە مە-لۇم بىر ئىش، بەزىدە يەنە بىر ئىش تۈپەيلى ئۆزىمىزنى باشقىلارغا باغلايمىز. بەزىلەر بىز ئۈچۈن خانىۋەيران بولىدۇ - يۇ، لېكىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بەزىلەر بىلەن بىر دەستە گۈل بىلەنلا خىيالىمىزغا كەلگەننى قىلىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر ئەمىكىمىز ۋە بىردىنبىر باھانىمىز. مەن سىزگە ھەرقانداق بىرسىگە باغلانغاندىنمۇ تېز باغلاندىم. بۇ ھەقتە مەن سىزگە قە-سەم قىلىپ بېرەلەيمەن، نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، سىز مېنىڭ قان قۇسقانلىقىمنى كۆرۈپلا مې-نىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدىڭىز، تېخى كۆز يېشى قىلدىڭىز، چۈنكى سىز ماڭا ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلغان بىردىنبىر كىشى. مەن سىزگە بىر لەتىپە ئېيتىپ بېرەي: ئىلگىرى مېنىڭ بىر كۈچۈكۈم بار ئىدى، ئۇ مەن يۆتەلگەن چېغىمدا، ماڭا دائىم ھەسرەت-لىك قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى، ئۇ مەن ياخشى كۆرگەن بىردىنبىر ھايۋان ئىدى.

— ئۇ ئۆلگەندە، مەن ئانام ئۆلگەن چاغدىكىدىنمۇ بەتتەر قايغۇرۇپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ، مەن سىزنى تېزلا خۇددى كۈچۈكۈمنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك

ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ناۋادا ئەرلەر كۆز ياشلىرى بەدە-
لىگە بىرەرنەرسىگە ئېرىشىشنى بىلسە، بىز ئۇلارغا
تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتكەن بولاتتۇق، بىز ئۇلارنىڭ
پۇل - دۇنياسىنى بۇنچىۋالامۇ بۇزۇپ - چېچىۋەتمەيتتۇق.

— سىزنىڭ خېتىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي رو-
ھىي ھالىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدى، بۇ خەت ماڭا شۇنى
چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببە-
تىم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مېنى دەپ قانداق ئىشلارنى
قىلغانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى
بۇ خەتتەك يۈرىكىمنى قاتتىق ئازابلاپ باققان ئەمەس،
مانا بۇلار سىزگە ئايدىڭ ئەمەس ئىكەن. بۇلار كۆندەش-
لىك دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنىسىمۇ توغرا، لېكىن بۇن-
داق كۆندەشلىك ئىنتايىن كۆلكىلىك ھەم ئىنتايىن
قوپال كۆندەشلىكتۇر. مەن سىزنىڭ خېتىڭىزنى تاپ-
شۇرۇۋېلىۋاتقاندا، تازا ئازاب چېكىۋاتقانىدىم. ئەسلىدە مەن
چۈشتە سىزنىڭ قېشىڭىزغا بېرىپ، سىز بىلەن بىللە
چۈشلۈك تاماق يېمەكچى بولغانىدىم، پەقەت سىزنى
كۆرسەملا، باشتىن - ئاخىر كاللامنى چىرماپ كېلىۋاتقان
بەزى ئوي - پىكىرلەردىن قۇتۇلالايتتىم. ھالبۇكى، سىز
بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى بۇنداق ئىشلار خىيالىم-
غىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، — دېدى مارگارىت سۆزىنى دا-
ۋاملاشتۇرۇپ، — شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پەقەت سىزنىڭ

ئالدىڭىزدىلا ئۇچۇق ـ يورۇق، سەمىمىي بولالايمەن، سىزگە دېمەيدىغان، سىزدىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق گېپىم بولمايدۇ. ماڭا ئوخشاش قىزلارنىڭ كەينىدە پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە كوچىلاپ سۈرۈشتۈرۈشكە ئامراق كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ قىزلارنىڭ ئاڭسىز رەۋىشتىكى بەزىبىر ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن قانداقتۇر بىرەر مەنە تاپماقچى بولۇشىدۇ. دېمىسىمۇ، بىزنىڭ ھېچقانداق دوستىمىز بولمايدۇ، بىزدە بارى ئاشۇ نەپسانىيەتچى، شەخسىيەتچى ئاشنىلارلا، خالاس.

— ئۇلار قانداقتۇر ئۆزلىرى ئېيتقانداك پۇل ـ دۇنيانى بىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۆھرەتپەرەسلىك ئۈچۈن خەجلەيدۇ.

— بۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى خۇش بولغان چاغدا، بىزمۇ خۇشال ئولتۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. ئۇلار كېچىلىك تاماق يېگەندە، بىزمۇ روھلۇق، زېھنىي كۈچىمىز ئۇرغۇپ تۇرغان ھالدا ھەمراھ بولۇشىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭ گۇمانخورلۇقى تۇتقان چاغدا، بىزمۇ گۇمانىي قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك، بىزگە ئوخشاش كىشىلەردە قانداقتۇر ۋىجدان دېگەن نەرسە بولماسلىقى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، مەسخىرىگە قالىمىز، قارىلىنىمىز.

— بىز ئاللىقاچان ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە ئىگە بولال-مايدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالدۇق، بىز ئەمدى ئادەم ئەمەس، بەلكى ھاياتىي كۈچى يوق بىرنەرسە. ئۇلار ئۇ-چۇن شان ـ شەرەپ، ئابرۇي قازىنىدىغان چاغلاردا، بىز بىرىنچى ئورۇندا تۇرىمىز؛ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشى-دىغان چاغلاردا، ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندا تۇرىمىز. بىزنىڭ بىرمۇنچە ئايال دوستلىرىمىز، يەنى فرىدانستەك ئايال دوستلىرىمىزمۇ بار. ئۇلارمۇ بۇرۇن پاھىشە بولغانىدى. لېكىن ھازىر ئۇلار قېرىپ قالغاچقا، بىزنىڭ دوستلى-رىمىزغا، تېخىمۇ توغرىراقى بىزنىڭ تەييارتاپلىرىمىزغا ئايلىنىپ قالدى.

— ئۇلار دائىم پۇل تېپىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسى-تىپ بېرىشىدۇ، ئۇلار پەقەت مۇشۇ يوللار ئارقىلىق ئاز ـ تولا كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىننەتلەرگە ئېرىشە-لىسىلا، دائىم بىزنىڭ پەيتۇنىمىزغا چۈشۈپ سەيلە قى-لالىسىلا ۋە بىزنىڭ ئايرىمخانىمىزدا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرەلىسىلا، ئون ئاشنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كارى بولمايدۇ. بىزنىڭ بىر كۈن ئىل-گىرى ئىشلەتكەن گۈللىرىمىزنى ئېلىپ كېتىدۇ، كەشمىر مۇرىلىكلىرىمىزنى ئۆتنە ئالىدۇ، تىلغا ئې-لىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىنتايىن كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ بىزدىن قوش ھەسسىلەپ سۆيۈنچە تەلەپ قىلىدۇ. مەن فرىدانسنى گېرتسوگدىن ئالتە مىڭ فرانك ئەكېلىشكە

ئەۋەتسەم، ئۇ مېنىڭدىن 500 فرانكنى ئۆتنە ئېلىۋالدى، بۇ پۇلنى ئۇ ماڭا مەڭگۈ قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ.

— شۇڭلاشقا، ماڭا پەقەت بىرلا خىل بەخت بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ مەرتىۋىسى يۇقىرى بىر ئەركەكنى تېپىش، ماڭا ئوخشاش ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە، كېچە ـ كۈندۈز كېسەل دەردىنى تارتىدىغان شور پېشانە بىر ئايال ئۈچۈن بىردىنبىر بەختمۇ مانا مۇشۇ. مەن ئىزدەيدىغان بۇ ئادەم مېنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇ‐ شۇمنى زادىلا سۈرۈشتە قىلمايدىغان، يەنە كېلىپ ھېسسىياتى كۈچلۈك، ئەمما جىنسىي ھەۋىسى ئاجىز مەھبۇب بولۇشى كېرەك. مەن بۇنداق ئادەمنى بۇرۇن تاپقانىدىم، گېرتسوگ ئىدى. لېكىن ئۇ ياشىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ماڭا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلۈمنى ئالالمايدۇ. مەن ئەسلىدە ئۇ ئورۇنلاشتۇرغان تۇرمۇشنى قوبۇل قىلالايمەنغۇ دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن راستىنلا جېنىمدىن جاق تويغانىدىم.

— دەل شۇ چاغدا، سىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، قارى‐ سام سىز ياش، قىزغىن، شادىمان بىر يىگىت ئىكەنسىز، شۇڭا مەن سىزنى مەن ئىزدىگەن ھېلىقى ئادەمگە ئۆز‐ گەرتمەكچى بولدۇم. مەن ھازىرقى سىزنى ئەمەس، بەلكى ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ناۋادا سىز بۇ ئوبرازنى ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ

قارىسىڭىز، ئۇ چاغدا، سىزمۇ ئادەتتىكى ئاشىنىلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىسىز ـ دە، سىزنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ماڭا پۇل تۆلىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. بولدى، بۇ ئىشلارنى ئەمدى تەگىمەيلى.

مارگارىت ئۆزىنىڭ ئوزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ يۇرەك سۆزلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، تولىمۇ ھارغىن كۆرۈندى، ئۇ ساپاغا يۆلەنگىنىچە، دەممۇدەم تۇ ـ تۇۋاتقان يېنىك يۆتەلنى بېسىش ئۈچۈن قولياغلىقىنى ئاغزىغا قويدى، ھەتتا كۆزلىرىنىمۇ ئېتىۋالدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا، — ھەممىنى چۈشەندىم، لېكىن مەن سىز ـ نىڭ بۇلارنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى خالايمەن، مې ـ نىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك مارگارىتىم، بىز پەقەت بىرلا ئىشنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، قالغان ئىشلارنى كېيى ـ نىمىزگە چۆرۈپ تاشلىۋېتەيلى. يەنى بىز مەڭگۈ بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلماي، مەڭگۈ ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ بىللە ئۆتەيلى.

— مارگارىت، مېنى نېمە قىلىۋەتسىڭىزمۇ ئىخ ـ تىيارىڭىز، مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز، سىزنىڭ ئىتىڭىز بولاي، لېكىن تەڭرىنىڭ ھەققىدە، مەن سىزگە يازغان ھېلىقى خەتنى يىرتىۋەتكەن بولسىڭىز، مېنى ئەتىلىككە كەتكۈزۈۋەتمەڭ، بولمىسا مەن ئۆلۈپ كېتىمەن.

— قارىڭا، مەن سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم.

مەن خەتنى كۆچەپ يىرتىۋەتتىم ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيدۇم.

شۇ چاغدا فرىدانس قايتىپ كەلدى.

— ئېيتىڭا فرىدانس، ئۇنىڭ مەندىن نېمە تەلەپ قىلىۋاتقىنىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى مارگارىت.

— ئۇ سىزدىن ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

— دەل شۇنداق.

— سىز ئۇنى ئەپۇ قىلدىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇنىڭ يەنە بىر تەلىپى بار ئىكەن.

— قانداق تەلەپ؟

— ئۇ بىز بىلەن بىللە كېچىلىك تاماق يېمەكچىكەن.

— مېنىڭچە، سىلەر ئىككىڭلار بەئەينى كىچىك بالىنىڭ ئۆزى ئىكەنسىلەر، سىلەر نېمىدېگەن گۆدەك، نادان ـ ھە!

— لېكىن مېنىڭ قورسىقىم بەكمۇ ئېچىپ كەت ـ تى، سىلەر بالدۇرراق بىر قارارغا كېلىڭلار، بالدۇرراق بېرىپ كېچىلىك تاماق يەيلى.

— ماقايىلى، — دېدى مارگارىت ماڭا بۇرۇلۇپ، — سىز مېنىڭ ئاچقۇچۇمنى ئېلىپ ئىشكنى ئېچىڭ، دىققەت قىلىڭ، ئاچقۇچنى يىتتۈرۈپ قويماڭ يەنە.

مەن مارگارىتنى مەھكەم قۇچاقلاپ، تۇنجۇقتۇرۇپ قويغىلى تاس ـ تاماس قالدىم.

مۇشۇ چاغدا خىزمەتكار كىرىپ كەلدى.

— ئەپەندىم، — دېدى ئۇ كۆرەڭلىگەن هالدا، — كۇدە ـ كۆرپىلەرنى تېڭىپ قويدۇم.

پۇتۇنلەي تېڭىپ بولدۇڭمۇ؟

— هەئە، ئەپەندىم.

— ئەمىسە، ئۇلارنى يېشىۋەتكىن، مەن ماڭمايدىغان بولدۇم.

## 16

مارگارىت مېنى ئىزدىگەن كۈننىڭ ئەتىسى مەن ئۇنىڭغا «مارون رېيسكو» نى سوۋغا قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاشنامنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتەلمەي، ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتتىم. مەن كالللامنى ئىشتىن توختاتالماي، ھېلىلا قوبۇل قىلغان رول ئۈستىدە ئويلىنىپ باقماقچى بولدۇم، چۈنكى بۇ ئىشنى ئويلىساملا، ئىختىيارسىز هالدا قاتتىق ئازابلىنىغىنىم ئازابلانغانىدى. هازىر مېنىڭ تۇرمۇشۇم بىسەرەمجان بولۇپ كەتكەنىدى، مال ـ مۈلۈكنى كۆزلىمەيدىغان بىر پاھىشە ئايالغا ئانچە كۆپ پۇل كەتمەيدۇ دەپ قارىغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ هەۋەس ـ ئىشتىياقى هەددى ـ ھېسابسىز ئىدى، گۈلدەستىلەر، ئايرىمخانىلاردا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈش، كېچىلىك تاماق يېيىش، سەيلە ـ

ساياھەت قىلىشقا ئوخشاش تەلەپلەرنى ئاشنا بولغان ئادەم ھەرگىز رەت قىلالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە نۇرغۇن پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەتتى.

مەن ئۆزۈمدە مال ـ مۈلۈكنىڭ يوقلۇقىنى سىزگە ئېيتقانىدىم. دادام ماڭا يىلىغا سەككىز مىڭ فرانك بېرىدۇ، مەن بۇ پۇلنى ئادەتتە شۇنچە تېجەپ ئىشلە-سەممۇ، يەنىلا ئاران يېتىدۇ، ھازىر مەن ئادۋو-كاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بولسامۇ، لېكىن مەن نۇرغۇنلىغان ياشلارغا ئوخشاش، يەنىلا بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ پارىژدىكىدەك بىكار ـ تەلەپ تۇرمۇش كەچۈ-رۈشنى ئويلايتتىم، شۇڭلاشقا، يازنىڭ تۆت ئېيىنى دا-دامنىڭكىدە ئۆتكۈزۈپ، ئاز ـ تولا بولسىمۇ پۇل تېجەپ قېلىش كويىدا بولاتتىم.

مارگارىت تولىمۇ بەڭۋاش ـ ئۆزبېشىمچى قىز بول-غاچقا، مېنىڭ كۈندىلىك خىراجىتىممۇ تەبىئىي ھالدا كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بەزى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇ-شىنى ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىشلارغا باغلاپ قويىدۇ، يەنە كېلىپ، بۇنداق كۆڭۈل ئېچىشلارنى ھەرگىز قانداقتۇر بىر كارامەت ئىستىمال دەپ قارىمايدۇ. مارگارىت دەل مۇشۇنداق ئايال ئىدى. ئىمكان بار كۆپرەك بىللە بولۇش ئۈچۈن، بىز ھەمىشە رېستورانلاردا بىرگە تاماق يەيتتۇق، ئاندىن ئويۇن كۆرەتتۇق، كېچىلىك تاماق يەيتتۇق، دې-مەك، ھەر كۈنى ئاخشىمى مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن

تۆت ـ بەش لۇئى خەجلەيتتىم، ھەر ئايدا بولسا ئىككى ـ ئۈچ مىڭ فرانك كېتەتتى. بىر يىللىق كىرىمىمنى ئۈچ يېرىم ئاي ئىچىدىلا خەجلەپ بولاتتىم، شۇڭا مەن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم، بولمىسا، مارگارىتتىن ئاي- رىلىشقا توغرا كېلەتتى.

مەن ھەرقانداق نەرسىنى قوبۇل قىلالىسامۇ، لې- كىن كېيىنكى ئېھتىماللىقنى قوبۇل قىلالمايتتىم.

دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە ماڭا ئاشنامنى ئۇنتۇل- دۇرالمايتتى، مېنىڭ بىرەر چارە ـ ئامال تېپىپ مارگا- رىتنىڭ سەۋەبىدىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقان خىراجەتكە تاقابىل تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ مۇھەب- بەت مېنىڭ ئەش ـ ھوشۇمنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتكەنىدى.

مەن مارگارىتتىن ئايرىلىدىغانلا بولسام، كۈن ئۆت- كۈزمىكىم تولىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى.

مەن قىمار ئويناشقا باشلىدىم.

ناۋادا مەن بىرەر كۈن كەچتە ئۆيدە يالغۇز قالىدىغان بولسام، ئۇخلىيالماي قالاتتىم. مەن رەشىك ئوتىدا ئۆر- تىنەتتىم، مېنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىم بىلەن قېنىم خۇددى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقاندەك قىلاتتى، ۋاھالەنكى قى- مار قەلبىمدە يېنىۋاتقان جۇشقۇن ھېسسىياتنى ۋاقتىنچە بۇراپ، باشقا بىر خىل قىزغىن ھېسسىياتقا باشلىيالايتتى.

قىمار زور بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن بىر خىل ئېھتىياج بولغان بىلەن، ماڭا نىسبەتەن ئۇ بىر خىل دورا ئىدى.


ناۋادا مەن مارگارىتنى ياخشى كۆرمىگەن بولسام، قىمار ئوينىمىغان بولاتتىم.

بەختىمگە يارىشا، قىماردا مېنىڭ تولىمۇ ئامىتىم كېلىپ، مارگارىتنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن يولسىز تەلەپلىرىنى قىلچە قىينالمايلا قاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم.

مېنىڭ مارگارىت بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتىمىمۇ بارغانسېرى ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى.

مەن مارگارىتتا روھىي جەھەتتە ئۆزگىرىش بولۇشنى كۈتۈۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ جىسمانىيىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كونا ئادىتىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تاشلىۋەتكەنىدى، مەن تېخى ئۇنىڭ كېچىلىك تامىقى ئۈچۈن تازىلىق ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يېمەك - ئىچمەك تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئۇخلايدىغانغا مۇئەييەن ۋاقىتمۇ بەلگىلەپ قويغانىدىم، ئىلگىرى ھەربىر ئاڭلىسام يۈرىكىم جىغىلدايدىغان ئۇنىڭ ئاشۇ يۆتەللىرىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقالغانىدى.

ئالتە ھەپتىدىن كېيىن، گراف مەسىلىسى نەچچىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئېسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى، پەقەت مېنىڭ مارگارىت



بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم يەنىلا گىرافتىن يوشۇرۇن تۇتۇلماقتا ئىدى.

شۇ مەزگىلدە، بىر كۈنى ئەتىگىنى مارگارىت مەندىن سەھراغا بىرىپ بىر كۈن ئويناپ كېلىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى.

شۇنىڭ بىلەن، بىز فرىدانىسنى چاقىرتىپ كەلدۇق ـ دە، ئۇچەيلەن بىللە يولغا راۋان بولدۇق.

بىر يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بىز پارىژنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بۇجىۋار دېگەن يېرىگە كەلدۇق، بۇ ھەقىقىي بىر سەھرا ئىدى.

كىشىلەر ھەمىشە سەھرانى مۇھەببەتكە باغلاپ تەرىپلىشىدۇ، بۇ قاراشنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار. سىزنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىڭىزگە جور بولالايدىغان كەڭ داللار ياكى كۆپكۆك ئاسمان، خۇش پۇراق ئوت ـ چۆپلەر، رەڭگارەڭ گۈللەر ۋە مەيىن شاماللار، دەرەخلىك ۋە داللاردىكى يارقىن تىمتاسلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىسا كېرەك. سىزنىڭ بىر ئايالنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈشىڭىزدىن، ئۇنىڭغا قانچىلىك ئىشىنىشىڭىزدىن، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ساداقىتىگە قانچىلىك كاپالەتلىك قىلىدىشىدىن قەتئىينەزەر، سىزدە بەربىر ئازدۇر ـ كۆپتۇر كۈندەشلىك بولىدۇ. ناۋادا سىز بۇرۇن مۇھەببەتلەشكەن، مۇھەببەتلەشكەندىمۇ ئەستايىدىل مۇھەببەتلەشكەن

بولسىڭىز، پۈتۈنلەي ئۆزىڭىز يالغۇز ئىگىلىمەكچى بولغان ئادىمىڭىزنى باشقىلاردىن ئايرىۋېتىش كېرەكلى-كىنى جەزمەن ھېس قىلىسىز. سىز سۆيگەن ئايالنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قانداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت باشقا ئەرلەر ۋە شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىپلا قالىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ خۇش پۇراقلىقى بىلەن مۇكەممەللىكىنى يو-قىتىپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قالىدۇ. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىراتىم باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭكىدىن خېلىلا چوڭقۇر.

پاھىشىنىڭ سىماسى بۇ يەردە ئاستا ـ ئاستا يوقاپ كەتمەكتە ئىدى. مېنىڭ يېنىمدا مارگارىت دەپ ئاتىلى-دىغان بىر ياش، كېلىشكەن ئايال تۇراتتى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆتكەنكى ئىشلارنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغان، كەلگۈسى تولىمۇ پار-لاق ئىدى. قۇياش خۇددى تويى بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر پاك مەسۇمەنى يورۇتقاندەك مېنىڭ مەشۇقۇمنى يورۇت-ماقتا ئىدى.

مانا بۇ ئاشۇ كۈنكى پىيادە ئايلىنىپ تاپ دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ماڭا ئېلىپ كەلگەن چۈش خاتىرىلىرى ئىدى. بىز چۈشكەن ساياھەت كېمىسى بىر يالغۇز ئارالدا توختىدى. بىز كىچىك ئا-رالدىكى چىملىق ئۈستىدە يېتىپ، بۇرۇنقى بارلىق

كىشىلىك ئالاقىمىزنى بىراقلا ئۈزگەنىدۇق، مەن خىيال كەپتەرلىرىمنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، كەلگۈسىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدىم.

مەن تۇرغان يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا چىرايلىق بىر ئۈچ قەۋەتلىك كىچىك بىنا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، بۇ بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر پارچە مامۇقتەك يۇمشاق، ياپيېشىل چىملىق، ئارقا تەرىپىدە كىچىككىنە بىر پارچە دەرەخزارلىق بار بولۇپ، بەزى ياتما غولۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈللىرى ئۆي ئالدىدىكى پەلەمپەينى قاپلاپ، تاكى ئىككىنچى قەۋەتكىچە سوزۇلغانىدى.

مەن بۇ كىچىك بىناغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتىم، ئۇ مېنىڭ خىيالىمدىكىگە نېمانچە ئوخشاپ كېتىدۇ ـ ھە! مەن بۇ بىنا ئىچىدە مارگارىت بىلەن ئۆزۈمنى كۆرگەندەك بولدۇم، ئىككىمىز كۈندۈزى بۇ تۆپىلىك باغرىدىكى دەرەخلىكتە ئايلىنىپ يۈرسەك، ئاخشىمى يېشىل چىملىقتا ئولتۇراتتۇق، مەن ئىچىمدە بۇ دۇنيادا ئىككىمىزدىنمۇ بەختلىك ئادەم بارمىدۇ دەپ ئويلايتتىم.

مارگارىتمۇ مەن قاراۋاتقان تەرەپكە قاراپ بۇ ئۆينى كۆردى ـ دە:

ــ نېمىدېگەن چىرايلىق ئۆي بۇ؟! ــ دەۋەتتى.

ــ ئەمىسە، گېرتسوگقا دەيلى، ئۇ بۇ ئۆينى سىزگە ئىجارىگە ئېلىپ بەرسۇن، مەن جەزملەشتۈرىمەنكى، ئۇ

ماقۇل بولىدۇ، — دېدى فرېدانس ئۇلاپلا.

مارگارېت مېنىڭ بۇ پىكرگە بولغان كۆزقارد- شىمنى بىلمەكچى بولغاندەك ماڭا قارىدى.

مېنىڭ پىكىر - خىياللىرىم فرېدانسنىڭ بىرنەچچە ئېغىز گېپى بىلەن بىتچىت بولدى، ئۇشتۇمتۇت رې- ئاللىق دۇنياسى ئىچىگە چۈشۈپ ئوڭتەي - توڭتەي بو- لۇپ كەتتى.

— توغرا، بۇ تازا ئېسىل گەپ بولدى، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمنىمۇ بىلمەيتتىم.

— ئەمسە، ھەممىنى مەن ئورۇنلاشتۇراي، — دېدى مارگارېت مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە مېنىڭ گېپىمنى ئىزاھلاۋاتاتتى.

— چاپسان بېرىپ باقايلى، بۇ ئۆينى ئىجارىگە بې- رەمدىكىن؟

— ئۆي بوش، ئىجارە ھەققى ئىككى مىڭ فرانك ئىكەن.

— ماقۇل، مارگارېت، بۇ ئۆينى ئۆزۈم ئىجارىگە ئا- لاي، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ بۇنىڭ پايدىسى يوق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخى زىيىنى بار، سىز مېنىڭ، پەقەت بىرلا كىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلا- لايدىغىنىمنى ئېنىق بىلىسىزغۇ. بولدى، تولا گەپ

قىلمالڭ! بۇ ئىشنى ئۆزۈملا بىجىرىۋېتىمەن.

— ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ناۋادا مېنىڭ ئۇدا ئىككى كۈن بوش ۋاقتىم چىقىپ قالسا، كېلىپ سىلەر بىلەن تۇرىمەن، — دېدى فرىدانس.

بىز پارىژغا قاراپ يولغا چىقتۇق، يولدا يەنىلا بۇ يېڭى پىلان ئۈستىدە سۆزلىشىپ ماڭدۇق. مەن مارگارىتنى تاكى پەيتۇندىن چۈشكىچە باغرىمغا بېسىپ ماڭدىم، پەيتۇندىن چۈشكەن چېغىمدىلا، ئاندىن كۆڭلۈم سەل - پەل ئارامىغا چۈشۈپ، ئاشنامىنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈستىدە خاتىرجەم ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم.

## 17

ئەتىسى مارگارىت گېرتسوگ كېلىدۇ دەپ مېنى تولىمۇ ئەتىگەن يولغا سېلىۋەتتى ۋە ماڭا گېرتسوگ كېتىشى بىلەنلا كەچتە ئۇچرىشىدىغان جاينى ئۇقتۇ-رۇشقا ماقۇل بولدى.

دېگەندەك، مەن كۈندۈزى ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم:

*«مەن گېرتسوگ بىلەن بىللە بۇجىۋارغا كەتتىم. كەچ سائەت سەككىزدە فرىدانسنىڭ ئۆيىدە مېنى ساق-لاڭ.»*

مارگارىت دەل ۋاقتىدا قايتىپ كەلدى.

— بولدى، ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرگەن چاغدا.

— ئۆينى ئىجارىگە ئالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى فرېدانس.

— ئىجارىگە ئالدىم، ئۇنىڭغا دېيىشىمگىلا ئۇ ماقۇل بولدى.

مەن گېرتسوگنى تونۇمايتتىم، لېكىن ئۇنى بۇندىلىك ئالدىغانلىقىمىز ئۈچۈن نومۇس قىلىپ كەتتىم.

— بىراق، مەن ئارماندىنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كەتتىم.

— سىز بىلەن بىللە تۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدى فرېدانس كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياق، ئۇ مەن گېرتسوگ بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يەيدىغان «تاڭ نۇرى» رېستورانىدا تۇرىدۇ. ئۇ مېھمانخانا ۋە ياتاقخانىلىرى بار بىر يۈرۈش ئۆي، ئايلىق ئىجارىسى 60 فرانك، ئۆيدىكى جاھازلارنى بىرەر پەرىشان ئادەم كۆرسىمۇ رازى بولىدۇ. مەن بۇ ئۆينى گېرتسوگنىڭ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئىجارىگە ئېلىۋالدىم، ئوبدان قىپتىمەنمۇ؟

مەن مارگارىتنى مەھكەم قۇچاقلىدىم.

— بۇ ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىش بولدى، — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى، — راستىنى ئېيتسام،

گىرتسوگ مېنىڭ بۇ يەرگە دەم ئېلىپ ـ داۋالىنغىلى كېلىدىغىنىمنى ئاڭلاپ، ئالچىۋالا ئىشىنىپمۇ كەتمىدى. شۇڭلاشقا بىز كۆپرەك ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك، ئۇ ئارقامغا ئادەم سېلىپ نازارەت قىلىشتىن يانمايدۇ، مەن ئۇنىڭ ماڭا ئۆي ئىجارە ئېلىپ بېرىشىگە موھتاج بولۇپ قالماستىن، بەلكى مېنىڭ قەرزىمنى تۆلەپ بېرىشىگىمۇ موھتاج، چۈنكى مېنىڭ يەنە تېخى بىرمۇنچە قەرزىم بار. مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغىنىم مۇۋاپىق بوپتىمۇ؟


— مۇۋاپىق بوپتۇ، — دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ. لېكىن بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش زادىلا كۆڭلۈمگە ياقمىدى.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مارگارىت سەھرادىكى ھېلىقى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، مەن «تاڭ نۇرى» رېستورانىدا تۇرۇۋەردىم.

بۇ ئۆيگە دەسلەپ كۆچۈپ كىرگەندە مارگارىت ئائىلىسىدە خۇددى بايرام بولغاندەك، ھەننىۋا ئايال دوستلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىشتى، توپتوغرا بىر ئايغىچە ھەر كۈنى ئون نەچچەيلەن ئۇنىڭكىدە تاماق يېيىشەتتى، فىردانسمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك تونۇشلىرىنى باشلاپ كېلەتتى.

بارلىق چىقىمنى گېرتسوگ تۆلەيتتى. ۋەھالەنكى، فىردانس ھەر قېتىم مەندىن مارگارىتنىڭ نامىدا 1000

فرانكتىن ئېلىپ تۇراتتى.
گېرتسوگ ئۆينى مارگارىتنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغانىدى، ئۆزى ئادەتتە بۇ يەرگە كەلمەيتتى، ئۇ بۇ يەردە ها ـ ها ـ ها..... هى ـ هى ـ هى قىلىپ تۇرىدىغان بىر قوتان مېهمانلارغا يولۇقۇپ قېلىشتىن هەزەر ئەيلەيتتى، ئۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشنى خالىمايتتى. بولۇپمۇ بىر كۈنى گېرتسوگ تاماقخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىشىگە، ياڭراق كۈلكە سادالىرى ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى دەرهال چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى.
گېرتسوگنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى پۇچۇلانغانىدى. ئۇ بۇ بىچارە قىزغا تاش يۈرەكلىك بىلەن، مەن ئەمدى سىزگە بىر تىيىنمۇ چىقىرىشنى خالىمايمەن دەپتۇ ـ دە، قەهر ـ غەزەپ بىلەن كېتىپ قاپتۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ گېرتسوگدىن خەۋەر بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ماڭا كۈن تۇغۇلدى ـ دە، مېنىڭ ئاشنام ئۆزۈمگە ئۇڭچە قالدى، مەن مۇراد ـ مەقسىتىمگە يەتتىم. مارگارىت ئەمدى مەندىن ئايرىلمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماستىن، بىزنىڭ مۇناسىۋەتىمىزنى ئاشكارا ئېلان قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە داۋاملىق تۇرۇپ قالدىم. خىزمەتكارلارمۇ مېنى ئەپەندىم دېيىشىپ، مېنى رەسمىي يوسۇندا ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنى دەپ بىلىشتى.



بىر كۈنى، مەن فرىدانس بىلەن مارگارىتنىڭ قىلـ-
غان سۆھبىتىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ قالدىم:

— گېرتسوگ سىزنىڭ دەسلەپكى ئىشىڭىزنى ئەپۇ قىلىدىكەن، — دېدى فرىدانس، — لېكىن ئۇ سىزنىڭ ئارماند بىلەن ئاشكارا تۆشەكداش بولغانلىقىڭىزدىن خە-
ۋەر تېپىپ، ئۇنى ئەپۇ قىلالمايدىكەن. بىر كۈنى گېرت-
سوگ ماڭا:

— مارگارىت مۇشۇ يىگىتتىن ئايرىلىدىغانلا بولسا، مەن ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك نېمە لازىم بولسا شۇنى بېرىد-
ۋېرىمەن، بولمىسا مەندىن بىرنەرسە ئالىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن، دېگەنىدى.

— سىز نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز؟

— مەن ئۇنىڭغا قارارىڭىزنى مارگارىتقا ئېيتاي، دەپ جاۋاب بەردىم، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يەنە بۇ ئىشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى ساڭا چۈشەندۈرۈشكە ۋەدە بەردىم، سۆ-
يۈملۈك قوزام!

— مەھرۇم قالغان مەرتىۋىڭىز ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈڭ! بۇ مەرتىۋىنى ئارماند سىزگە مەڭگۇ ئاتا قىلالمايدۇ. ئارماند پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا سىزنىڭ ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرۇشقا يەتكۈدەك بىسات يوق، ئۇ ھامان بىر كۈنى سىزدىن ئاي-
رىلىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا تولىمۇ كېچىكىپ قالىد-
سىز ـ دە، گېرتسوگ سىز ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ

بىرىشكە ئۇنىمايدىغان بولۇۋالىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆزۈم بىرىپ، ئارماندقا گەپ قىلاي، بولامدۇ؟

مارگارىت ئويلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ رىتىمسىز سوقسا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەكتە ئىدىم.

— ياق، — دىدى ئۇلاپلا، — مەن ئارماندتىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن، ئارماند بىلەن بىر ئۆيدە تۆشەكداش بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىمنىمۇ ئەمدى يوشۇرمايمەن، بۇنداق قىلىش بەلكىم ھاماقەتلىكتۇر، لىكىن مەن ئارماندنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئەمدى ئۇزۇن ياشىيال-مايمەن، شۇڭا، بىر قىرى بوۋاينىڭ ئىرادىسىگە بويسۇ-نۇپ ياشاشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆرمەيمەن. ئۇ پۇلىنى چى-كىسىگە تاڭسۇن، ماڭا ئۇنىڭ لازىمى يوق!

مەن تۇيۇقسىزلا ئۆيگە ئىتىلىپ كىرىپ، ئۆزۈمنى مارگارىتنىڭ ئايىغىغا ئاتتىم، كۆز ياشلىرىم ئۇنىڭ قوللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— مىنىڭ ھاياتىم سىزگە مەنسۇپ، مارگارىت! سىزنىڭ ئەمدى ئۇ قىرى گىرتسوگقا ھاجىتىڭىز چۈشمەيدۇ. بىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشكەندىن كىيىن، باشقا ئىشلار بىلەن نىمە كارىمىز؟

— شۇنداق بولمامچۇ، مىنىڭ ئارماندىم! — دىدى ئۇ ئىككى قولى بىلەن مىنىڭ بوينۇمنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ، نازۇك ئاۋازدا، — مەن سىزنى سۆيگەندىمۇ شۇنداق

سۆيمەنكى، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق سۆيىدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. بىز بەختلىك بولىمىز، خاتىرجەم ھايات كەچۈرىمىز، مەن ئۆزۈمنى ھازىر خىجىل قىلىۋاتقان ئاشۇنداق تۇرمۇشتىن قول ئۈزىمەن. سىز چوقۇم مېنىڭ ئۆتكەنكى تۇرمۇشۇمنى ئەيىبلىمەيسىز، شۇنداقمۇ؟

مەن يىغلىۋەتكىنىمدىن گېپىمنىمۇ ئوڭلاپ قىلالماي، پەقەت مارگارىتنى مەھكەم قۇچاقلاشتىن باشقىنى بىلمەي قالدىم.

مۇشۇ كۈندىن باشلاپ گېرتسوگ بىزگە پۈتلىكاشاڭ بولۇشتىن قالدى.

مارگارىتمۇ ئەمدىلىكتە مەن بۇرۇن يېڭى تونۇشقان چاغلاردىكىگە ئوخشىمايلا قالدى. ئۇ، ئومۇمەن ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇنى يېڭى ئۇچراتقان چېغىمدا كەچۈرگەن ئاشۇنداق تۇرمۇشنى ئېسىمگە سالىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى ھەرقانداق بىر خوتۇن بولغۇچىنىڭ مۇھەببىتىدىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە چوڭقۇر، ئۇنىڭ ماڭا بولغان غەمخورلۇقى ھەرقانداق بىر ئاچا ـ سىڭىل بولغۇچىنىڭ غەمخورلۇقىدىن چەكسىز ئىدى. مارگارىت دوستلىرى بىلەن بولغان كەلدى ـ بار-دىسىنى ئۈزۈپ، ئۆتكەنكى ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتتى، گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنىمۇ ئۆزگەرتتى ھەمدە بۇرۇنقىدەك بۇزۇپ ـ چېچىپ بەتخەجلىك قىلمايدىغان

بولدى. مارگارىتنى ھازىر كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن تۆت ئاي ئىلگىرىكى ئەيش ـ ئىشرەتلىك، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ بىر مەزگىل داڭق چىقارغان مارگارىت گېدىئەي ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى.

يارەببىم! بىز خۇددى ئۆزىمىزنىڭ ياخشى كۈنلىرىمىزنىڭ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ يەتكەندەك، ئالدىراپ ـ سالدىراپ راھەت پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدۇق.

بىز باغقا قارايدىغان دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ، رەڭگارەڭ گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا قىلاتتۇق. دەرەخلەرنىڭ سايىسىدە مۈرىدەشكەن ھالدا سەيلە قىلىپ، مەيلى مەن ۋە مەيلى مارگارىت ئەزەلدىن سۈرۈپ باقمىغان ھەقىقىي ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەتتۇق.

بۇ ئايال بىرمۇنچە ئىنتايىن كىچىك ئىشلارغىمۇ خۇددى بالىلارچە گۆدەكلىك بىلەن ھەۋەس قىلاتتى، بەزى كۈنلىرى باغچىدا خۇددى ئون ياشلىق بالىدەك كېپىنەك ياكى يىڭناغۇچلارنى قوغلايتتى.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ «مارون رېيسكو» نى توختىماي ئوقۇۋاتاتتى. مەن ھەتتا ئۇنىڭ كىتاب ئىچىگە يازغان ئىزاھاتىنى تالاي قېتىم كۆرگەنىدىم.

ھېلىقى گېرتسوگ مارگارىتقا ئىككى ـ ئۈچ پارچە خەت يازغان بولۇپ، مارگارىت بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى

ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى.

بىز گېرتسوگنىڭ خەتتىكى يالغۇزلۇقنىڭ ئى-رەنشىمەي، ئىلگىرىكىدەك بىللە ياشاۋەردۇق، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇقمۇ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمىدۇق.

## 18

مەن ھەر كۈنى ئاشنامنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل يې-ڭى سېھرىي كۈچ بىلەن بىر خىل مىسلى كۆرۈلمىگەن شادلىقنى بايقىماقتا ئىدىم.

لېكىن، مارگارىت بەزىدە تولىمۇ ھەسرەتلىك كۆ-رۈنەتتى، ھەتتا تېخى كۆز يېشىمۇ قىلاتتى، بۇ ھال مېنى ھەيران قالدۇراتتى.

— بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئادەتتىكى مۇھەببەت ئەمەس، قەدىردانىم ئارماند! — دەيتتى ئۇ، — سىز مېنى خۇددى مەن ئەزەلدىن ھېچكىمگە ئېيپىتمىنى بەرمى-گىنىمگە ئوخشاش ياخشى كۆرۈۋاتىسىز، لېكىن مەن سىزنىڭ پات ئارىدا مېنىڭ ئۆتمۈشۈمنى جىنايەت ھې-ساپلاپ، ئۆز مۇھەببىتىڭىزگە پۇشايمان قىلىپ قېلى-شىڭىزدىن بەكمۇ قورقىمەن، مەن سىزنىڭ مېنى كونا كەسپىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن. مەن يېڭى تۇرمۇشنىڭ تەمىنى ئەمدىلا

تېتىشقا باشلىغان تۇرسام، يەنە سىز مەندىن ئىلگىرىكى تۇرمۇشقا قايتىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇ ماڭا ئۆلۈمدىن ئېغىر تۇيۇلىدۇ. سىز ماڭا ئەمدى مەڭگۈ سىزدىن ئاي- رىلمايمەن دەپ ۋەدە بېرىڭ.

— مەن سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مارگارىت خۇددى مېنىڭ كۆ- زۈمدىن بۇ قەسەمنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىلى- ۋالماقچى بولغاندەك ماڭا سەپسېلىپ قاراپ چىقتى - دە، قۇچىقىمغا ئۆزىنى ئېتىپ، ماڭا :

— سىز مېنىڭ سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغاند- لىقىمنى ھەقىقەتەن بىلمەيسىز، — دېدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى، بىز دېرىزە تەكچىسىگە يۆلى- نىپ تۇرۇپ لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئىچىدىكى ئايغا نەزەر تاشلىغان پېتى، شاماللار ئىرغاڭلىتىۋاتقان دە- رەخلەرنىڭ شىلدىرلاشلىرىغا بىر ھازاغىچە جىم قۇلاق سالدۇق، شۇ چاغدا، مارگارىت ئۇشتۇمتۇتلا:

— قىش كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بىز بۇ يەردىن كېتەيلى، — دېدى.

— نەگە بارىمىز؟

— ئىتالىيىگە بارايلى.

— ئۇنداقتا، بۇ يەردىن زېرىكىپسىزدە!

— مەن قىشتىن قورقىمەن، پارىژغا قايتىشتىن تېخىمۇ قورقىمەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇشتىكى سەۋەبلىرىنى داۋاملىق سۆزلىمىدى، ئەكسىچە سۆزىنى بىردىنلا داۋاملاشتۇرۇپ:

— سىز بۇ يەردىن كېتىشنى خالامسىز؟ مەن ھەممە نەرسەمنى پۇتۇنلەي سېتىۋەتكەندىن كېيىن، سىز بىلەن بىللە ئىتالىيىگە بېرىپ بىللە ياشايلى، بۇرۇنقى تۇرمۇشۇمنىڭ ئىزلىرىدىن ھېچنېمە قالمىسۇن، مېنىڭ كىملىكىمنى ھېچكىممۇ بىلەلمەي قالسۇن، شۇنداق قىلىشنى خالامسىز؟ — دېدى.

— مارگارىت، ناۋادا سىز شۇنداق قىلىشنى ياقتۇرسىڭىز، بىز يولغا چىقايلى، بىر ساياھەت قىلىپ كېلەيلى! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — لېكىن نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋېتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ مەندە سىز تۆلىگەن بۇنچىۋالا زور بەدەلنى قوبۇل قىلىشقا يەتكۇدەك مال - مۈلۈك يوق، لېكىن بەش - ئالتە ئاي كۆڭۈلدىكىدەك سەيلە - ساياھەت قىلىپ كېلىشكە پۇلۇم يېتىدۇ. پەقەت سىز ئاز - پاز بولسىمۇ ياقتۇرىدىغانلا بولسىڭىز....

— يەنىلا بارمىغىنىمىز تۈزۈك، — دېدى ئۇ دېرىزە يېنىدىن كېتىپ، سايادا ئولتۇرغاچ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ ياققا بېرىپ پۇل خەجلىگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن بۇ يەردە سىزنىڭ نۇرغۇن پۇلىڭىزنى خەجلەپ بولدۇم.

— سىز مەندىن ئاغرىنىۋاتىسىز!

— ياق، — دېدى ئۇ ماڭا قولىنى سۇنۇپ، — بو-ران - چاپقۇنلۇق، يامغۇر - يېشىنلىق ھاۋا روھىمنى چۈشۈرۈۋەتتى، مېنىڭ دېگەنلىرىم كۆڭلۈمدىكى گەپلەر ئەمەس.

ئاشۇلارنى دېگەچ مېنى سۆيۈپ قويدى - دە، يەنە چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى.

بۇنداق ئەھۋاللار ئىلگىرىمۇ تالاي قېتىم يۈز بەر-گەندى، مەن بۇنداق خىياللارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبلەرنى بىلمەيدىغان بولساممۇ، لېكىن مارگارىتنىڭ ئۆز كېلەچىكىدىن غەم يەۋاتقانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

مەن ئۇنىڭ بۇنداق زىيادە مەنىسىز تۇرمۇشتىن زېرىكىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پارىژغا كېتىش توغ-رىسىدا ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرەتتىم، لېكىن ئۇ بۇ تەك-لىپنى ھامان چورتلا رەت قىلىپ، ئۆزىنى سەھرادەك خۇشال قىلىدىغان ئىككىنچى بىر يەرنىڭ يوقلۇقىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلاتتى.

فرىدانس ئانچە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداق-تىمۇ ئۇ دائىم خەت ئەۋەتىپ تۇراتتى.

مارگارىت خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كېتەتتى، مەن خەتنى كۆرۈپ بېقىش تەلىپىنى قويالمايتتىم، مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ يەردىكى سىرنى بىلەلمىدىم.

ئەتىسى مارگارىت كىدوۋاسى ئارىلىغا بىرىپ ئويناپ كېلىش تەلىپىنى قويدى. بىز ئۇ يەردىن قايتقاندا سائەت بەش بولغانىدى.

خىزمەتكارلار فرىدانسىنىڭ كەلگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ مارگارىتنىڭ پەيتۇنىغا ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن فرىدانس يەنە كەلدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پەيتۇن بۇزۇلۇپ كېتىپتىكەن، يا-ستىلىۋېتىپتۇ، فرىدانس بىلەن مارگارىت باغچىدا بىر هازا پاراڭ سېلىشتى.

بىر ئاي شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى، بۇ بىر ئاي ئىچىدە مارگارىت قايتا ھەسرەت چەكمىدى، بەلكى ھەر-قانداق چاغدىكىدىن خۇشال ـ خۇرامەك كۆرۈنۈپ، مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ كەتتى.

لېكىن پەيتۇن ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىدى، مەن سەل ـ پەل شۈبھىلىنىپ قالدىم ـ دە، زىننەت بۇ-يۇملىرى بىلەن ئالماس سېلىنغان تارتمىنى ئاچتىم، لېكىن تارتمىنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ، ھېچنېمە يوق ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن قەلبىمنى ۋەھىمە قاپلىۋالدى.

مەن مارگارىتنىڭ يېنىغا بىرىپ سوراپ باقماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇ ماڭا چوقۇم راست گەپ قىلمايتتى.

شۇڭا مەن پارىژغا بىرىپ دادامنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى

بىلىپ بېقىشنى باھانە قىلىپ، فىردانسىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم.

فىردانسىنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، پەيتون، زىبۇ- زىننەت ۋە ئالماسلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي سېتىۋې- تىلىپتۇ، شۇنداقلا مارگارىت بۇ نەرسىلەرنىڭ سېتىۋې- تىلگەنلىكىنى ماڭا دېمەسلىكنى تاپىلاپتۇ. بۇ نەرسىلەر قەرز تۆلەش ئۈچۈن سېتىۋېتىلگەن ئىكەن.

— ئۇنىڭ قەرزى نۇرغۇنمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— يەنە 30 مىڭ فرانكتەك قەرزى بار، ھە، مەن سىزگە ئاللىبۇرۇن ئېيتمىغانمىدىم، سۆيۈملۈكۈم، ئۇ چاغدا مېنىڭ گېپىمگە تازا ئىشەنگۈڭىز كەلمىدى، گېرتسوگ مارگارىتقا ئەمدى كېپىل بولمايدىغان بولدى، شۇڭا ئۇنىڭدا ئېلىشى بار ئادەملەر كېلىپ قەرز سوي- لەپ، مارگارىتنىڭ مال- مۈلكىنى پېچەتلىۋەتتى. مار- گارىت قەرز قايتۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇ نەرسىلەرنى سې- تىشقا مەجبۇر بولدى. مەن سىزدىن ئالغان ئۈچ مىڭ فرانكمۇ قەرز قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلگەنىدى.

كېيىندىن فىردانس ماڭا سېتىلغان نەرسە- كې- رەكلەرنىڭ ھۆججەتلىرىنى كۆرسەتتى.

— سىزنىڭچە، ئۆزئارا بىر- بىرىنى ياخشى كۆ- رۈشلا كۇپايە قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، دوستۇم. بۇنداق

غايىۋى تۇرمۇشتىن تاشقىرى، يەنە ماددىي تۇرمۇشمۇ بار. ئەڭ پاك ئىرادىمۇ چاكىنا ۋە كۈلكىلىك ئىشلارغا چېتىشلىق بولۇپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق چېتىلىشلار خۇددى تۆمۈر زەنجىرگە ئوخشاش ئۈزۈلمەس كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ توغرا قىلدىم، چۈنكى، مېنىڭ بىر بىچارە قىزنىڭ بارلىق مال ـ دۇنيالىرىنى سەرپ قىلىپ تۈگەتكەنلىكىنى ۋە سېتىپ تۈگەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا يۈرىكىم چىدىمايتتى. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىدى. مەن سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتايكى، مۇشۇ پەيتتە، ئۇنىڭدا 30 مىڭ فرانك بولمىسا، قەرزنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

فرىدانس يەنە بىر ھەل قىلىش چارىسىنى، يەنى مارگارىت بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېڭىۋاشتىن ئەسلىدىكى تۇرمۇشقا قايتىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن بۇنى غەزەپ بىلەن رەت قىلدىم.

بۇنداق قىلىشقا مېنىڭ مۇھەببىتىم بىلەن ئىززەت ـ ھۆرمىتىم يول قويمايلا قالماستىن، بەلكى مەن مارگارىتنىڭ ئۆلسىمۇ ئۇنداق تۇرمۇشقا ئىككىنچىلەپ قايتىشنى خالىمايدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتىم.

مەن بېرىپ پۇل توپلاپ، قەرز قايتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ، دادامدىن خەت كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ باقماقچى بولدۇم.

دادامدىن تۆت پارچە خەت كەلگەنىدى.

## 19

دادام خېتىدە مېنىڭ خەت يازمىغانلىقىم سەۋەبلىك مەندىن ئەنسىرىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولغانلىقىنى يۇرىتىپ، ئاخىردا پارىژغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

مەن ھاپىلا ـ شاپىلا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆزۇمنىڭ بىر قېتىملىق قىسقا يوللۇق ساياھەت تۇپەيلىدىن، ۋاقتىدا خەت يازالمىغانلىقىمنى ئېيتتىم ـ دە، بۇجىۋارغا كەتتىم.

مارگارىت ئىككىمىز ناھايىتى تېزلا گەپنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئۇستىدە كېلىشىپ توختىدۇق.

— مەن سىزدىن ئۆزگە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى مېنىڭدىن ئېلىشنى قانداقسىگە ئويلىمىغاندۇ دەپ رەنجىگەنىدىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەتتە، ناۋادا ئايال بولغان كىشىدە ئاز ـ تولا غۇرۇر دېگەن نەرسە بولىدىغان بولسا، ئۇ يۇز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق قۇربان بېرىشلەرگە چىدىشى، ئۆزىنىڭ ئاشىقىدىن ھەرگىزمۇ پۇل تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ مۇھەببىتى نومۇسىنى سېتىشتىن

پەرقسىز بولۇپ قالىدۇ. سىز مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، مەن بۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىمەن. لېكىن سىز ماڭا ئوخشاش ئايالغا قارىتىلغان مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر ئاجىز بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز. مەن سىزدىن ماڭا مۇھەببىتىڭىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشمايدىغان مۇستەھكەم مۇھەببەت بولۇشىنىلا تەلەپ قىلىمەن.

تەمكىن ۋە تەبىئىي ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئۇ سېتىۋەتكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال مۇنداق دېدى:

— ناۋادا سىز مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا، مېنىڭ سىزنى ئۆز ئۇسۇلۇم بويىچە ياخشى كۆرۈشۈمگە يول قويۇڭ، ئۇنداق بولمىسا، سىز مېنى داۋاملىق تۇردە خۇي ـ پەيلىگە ھەشەمەتچىلىك ـ ئىسراپچىلىق سىڭىپ كەتكەن قىز ئىكەن دەپ قاراپ قالىسىز ـ دە، ھەمىشە ماڭا پۇل بېرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىسىز. نەتىجىدە، ھامان كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مەندىن ئايرىلىش كېرەكلىكىنى ئىختىيارسىز ھالدا ھېس قىلىسىز ـ دە، باشقىلارنىڭ گۇمان قىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىسىز، سىزنىڭ توغرا، دوستۇم، لېكىن مېنىڭ دەسلەپتىكى ئۈمىدلىرىم يالغۇز

بولارلا ئەمەس. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىدىن مېنىڭ خەۋەر تېپىشىمنى خالىمايۋاتىسىز، سىز مېنىڭ شۆھ-رەتپەرەسلىكىمنى ساقلاپ قېلىش ھېسابىغا ئۆزىڭىز-نىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىڭىزنى قاندۇرماقچى بولۇۋاتىسىز، مېنىڭ بۇرۇنقى ھەشەمەتچىلىك - ئىسراپچىلىق تۇرمۇ-شۇمنى ساقلاپ قالماقچى، ئىككىمىزنىڭ ئىدىيە جە-ھەتتىكى پەرقىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇۋاتىسىز.

— قىسقىسى، سىز مېنىڭ سىزگە بولغان شەخ-سىيەتسىز مۇھەببىتىمگە ئىشەنمەيسىز، سىز بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇشۇمغا ئىشەنمەيسىز. ئاشۇ مال - مۈلۈكلەر بولىدىغانلا بولسا، بىز ئەسلىدىلا تولىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتۇق، لېكىن سىز ئۆزىڭىزنى خانىۋەيران قىلىشقا رازى بولۇۋاتىسىز، سىزنىڭ بۇنداق بىر تەرەپلىمە قارىشىڭىز تولىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېتىپتۇ، سىز مەن ئۈچۈن قەرز قايتۇرماقچى، ئەڭ ئاخىردا مېنى باقماقچى بولۇۋا-تىسىز. ماقۇل، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ خەير-خاھلىقلار قانچە ئۇزۇن داۋام قىلار؟ سىزنىڭ يىللىق خىراجەت پۇلىڭىز بار، مەن بولسام ئارتۇقچە نەرسە-كېرەكلىرىمنى سېتىۋەتسەم، ھەر يىلى بىرمۇنچە پۇلغىمۇ ئىگە بولارمەن، ئىككىمىز كىچىكرەك تۇرال-غۇ ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئالساق، ئەركىن - ئازادە تۇرمۇش كەچۈرەرمىز، تەڭرىنىڭ ھەققىدە، ئارماندا!

مېنى يەنە ئىلگىرىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە زورلىمىسىڭىز ئىكەن!

مەن جاۋاب قايتۇرالمىدىم، كۆز ياشلىرىم كۆزلىرىمنى توسۇۋالدى.

— مەن ئەسلىدە، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھەممە ئىشلىرىمىزنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، پارىژغا بارغاندا سىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلماقچى بولغانىدىم، بىراق سىز بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىكەنسىز، ئۇنداقتا، سىزنىڭ ئىشتىن كېيىن تەن ئالغىنىڭىزدىن كۆرە، ئىشتىن ئاۋۋال ماقۇل بولغىنىڭىز تۈزۈك......

— ..... سىز مېنى ئاشۇ دەرىجىدە ياخشى كۆرەلەمسىز؟

بۇنچىۋالا سەمىمىي مۇھەببەتنى يۈزمۇيۈز تۇرۇۋېلىپ رەت قىلغىلى بولمايتتى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتىم.

— مەن ھەممە ئىشتا سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن.

مارگارىت خۇشاللىقىدا ھەقىقەتەن سارالڭ بولايلا دەپ قالدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ شاپائىتىگە بەدەلسىز ئېرىشىشنى خالىمايتتىم، شۇڭا مەن ئىنتايىن چاپسانلىق بىلەن بىر قارارغا كېلىپ، ئانامدىن ئالغان يىللىق خىراجەت پۇلۇمنى مارگارىتقا تەقدىم قىلماقچى بولدۇم.

دادامنىڭ گۇۋاھچىسى ماڭا ھەر پەسلىدە 750 فرانك بېرىپ تۇراتتى، ھازىر مەن دادامدىنمۇ، مارگارىتتىنمۇ يوشۇرۇنچە گۇۋاھچىنى مەن ئۈچۈن بۇ پۇلنى باشقىلارغا تەقدىم قىلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بىز پارىژنىڭ ئەڭ خىلۋەت بىر كوچىسىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدۇق.

مارگارىت بارلىق قەرزىنى قايتۇرۇپ تۈگەتتى.

بىر كۈنى، دەل بىز چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا خىزمەتكارىم كىرىپ، ماڭا دادامنىڭ پارىژغا كېلىپ مېنى ئۆيدە كۈتۈۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى، بۇ خەۋەرنىڭ كېلىشى ئەسلىدە تولىمۇ ئاددىي ئىش ئىدى. لېكىن مارگارىت ئىككىمىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق.

بىز بېشىمىزغا چوڭ بالا-قازانىڭ كەلگەنلىكىنى قىياس قىلدۇق.

## 20

مەن دەرھال پارىژدىكى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. دادام مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپلا، ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىۋالدىم.

بىراق مەن بىلمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا

...پ قۇچاقلاپ سۆيدۇم ۋە ئۇنىڭدىن تىنچ ـ ئامانلىق ...رىدىم.

دادام خەتنى خىزمەتكارغا بېرىپ، ئۇنى پوچتىغا ...لىۋېتىشكە ئەۋەتتى.

ئۆيدە پەقەت ئىككىمىزلا قالدۇق، دادام ئورنىدىن ...ۇپ، تام مەشكە يۆلەنگەن هالدا ماڭا:

— قەدىرلىكىم ئارماند، مەن سەن بىلەن بىر ...ددىي ئىش ئۈستىدە سۆزلەشمەكچىمەن، — دېدى.

— قۇلىقىم سىزدە، دادا.

— سەن ماڭا گېپىڭنى راستىنى ئېيتىشقا ماقۇل ...مسەن؟

— مەن ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيمەن.

— سەن مارگارىت گېدىئەي دېگەن بىر ئايال بىلەن ئۆيدە تۇرۇۋېتىپسەن، بۇ راستمۇ؟

— راست.

— سەن ئۇنىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— ئۇ بىر پاھىشە ئايال.

— شۇ ئايالنى دەپ، سەن بۇ يىل سىڭلىڭ بىلەن ...ككىمىزنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— هەئە، شۇ ئايالنى دەپ.

— ئەمىسە سەن بۇ ئايالنى ياخشى كۆرىدىكەنسەندە!

— سىز بۇنى هەجەپ بىلىۋاپسىز، دادا! دەل ئاشۇ ...ل تۈپەيلىدىن مەن ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇمنى

ئادا قىلالىمىدىم، شۇڭا مەن بۈگۈن سىزدىن گۇناھىمنى تىلىگىلى كەلدىم.

دادام شەك ـ شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئۆزىگە بۇنداق ئۇدۇللا جاۋاب بېرىشىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باق-مىغانىدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئەجەبا، سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇنداق ياشىيالمايدىغان-لىقىڭنى راستتىنلا بىلمەمسەن؟

— مەندە مۇشۇنداق ئەندىشە بولغان، دادا، لېكىن مەن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن.

— لېكىن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، — دېدى دادام بىر خىل قوپال تەلەپپۇزدا، — مەن سېنىڭ بۇنداق قى-لىشىڭغا يول قويمايمەن.

— مېنىڭچە، پەقەت ئائىلىمىزنىڭ نام ـ شەرىپىگە داغ تەگمىسىلا، ئۇرۇق ـ جەمەتىمىز ھاقارەتلەنمىسىلا، ھازىرقىغا ئوخشاش ھايات كەچۈرۈۋەرسەم بولىدۇ، دەل مۇشۇ خىياللار كۆڭلۈمنى ئاز ـ پاز تەسكىن تاپقۇزدى.

مەن مارگارىتنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ھەرقانداق كىشىگە قارشى تۇرۇشقا تەييار ئىدىم.

— ئۇنداقتا، ھازىر سېنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلۇڭنى ئۆزگەرتىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى.

— ھە، نېمىشقا، دادا؟

— چۈنكى، سەن ھازىر ئائىلىمىزنىڭ نام ـ شەرىپىنى

يەرگە ئۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن. يەنە كېلىپ ئۆزۈڭمۇ ئائىلىمىزنىڭ نام ـ شەرىپىنى قوغداش كېرەك دەپ قارايسەنغۇ.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ دادا، مېنىڭ ئىشىمنى يەتكۈزگەن ئاشۇ ئادەملەر ئەھۋالنى ئۇقمايدىكەن. مەن گېدىئەي خېنىمنىڭ ئاشىقى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىۋاتىمەن. بۇ ئىشلار تولىمۇ ئاددىي ئىشلار. مەن ئائىلىمىزنىڭ فامىلىسىنى ھېچ ۋاقىتتا گېدىئەي خې-نىمنىڭ قوللىنىشىغا بەرگىنىم يوق، مەن ئۇنىڭغا خەجلەپ بەرگەن پۇللار مېنىڭ كىرىمىم دائىرىسىدىكى پۇللار، مەن قەرز بولۇپ قالمىدىم، قىسقىسى، مېنىڭ ھەرىكىتىمنىڭ بىر ئاتىنىڭ ئۆز ئوغلىغا بايا سىز ئېيتقاندەك گەپلەرنى ئېيتىپ ئەيىبلەشكە ئەرزىگۇدەك ھېچقانداق يېرى يوق.

— ئوغلىنىڭ يامان يولغا ماڭغىنىنى كۆرسە، ئاتا بولغۇچى ھامان ئۇنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ كېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. سەن تېخى ھېچقانداق يامان ئىش قىل-مىدىڭ، لېكىن سەن كېيىن قىلىپ قالىسەن.

— دادا!

— ئەپەندىم، كىشىلىك تۇرمۇشتا مېنىڭ ھامان ساڭا باققاندا تەجرىبەم كۆپرەك. پەقەت ھەقىقىي پاك ئاياللا ھەقىقىي مۇھەببەتتىن سۆز ئاچالايدۇ. سەن بۇ ئاشىناڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشۈڭ كېرەك.

— ئىنتايىن ئەپسۇسكى، مەن سىزنىڭ گېپىڭىز بويىچە ئىش قىلالمايمەن، دادا، بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

— ئارماند، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالكى، سېنىڭ داداڭ سېنى ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كەلمەكتە. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سېنىڭ بەختلىك بولۇشۇڭغا تەقەززا. سەن خەقلەر بىلەن ئويىنىغان بىر قىز بىلەن يېتىپ-قوپۇپ يۈرۈپسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيالماسەن؟

— ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن خەقلەر بىلەن ئوينىمىسىلا، دادا، بۇنىڭ نېمە كارايىتى بار؟ بۇ قىز مېنى ياخشى كۆرىدىغانلا بولسا، ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تۈپەيلى يېڭى ھاياتقا ئېرىشىدىغانلا بولسا، قىسقىسى، ئۇ يامان يولدىن قايتىدىغانلا بولسا، بۇنىڭ يەنە نېمە كارايىتى بار؟

— ھەي، ئەپەندىم! ئەمىسە سەن بىر سالاپەتلىك ئەركەكنىڭ ۋەزىپىسى پاھىشە ئاياللارنى يامان يولدىن ياندۇرۇش دەپ قارامسەن؟ يېشىڭ 40 قا بارغاندا، سېنىڭ بۇنداق ئالىيجانابلىقىڭدىن قانداق نەتىجە چىقار؟ ناۋادا بۇنداق مۇھەببەت سەن باشتىن ئۆتكۈزگەن يىللاردا تېخى چوڭقۇر ئىز قالدۇرالمىسا، ناۋادا سەن ۋاقتانىۋاق كەلـ-گەندە قاقاقلاپ كۈلەلىسەڭ، ئۇ چاغدا، ئۆزۈڭمۇ بۇنداق مۇھەببەتنى كۈلكىلىك ھېس قىلىسەن. ناۋادا ئۆتمۈشتە

سىنىڭ داداڭنىڭمۇ سىنىڭكىدەك خىياللىرى بولغان بولسا، سەن ھازىر قانداق ئادەم بولۇپ قالغان بولاتتىڭ؟ سەن ئويلاپ باق، ئارماند، بۇنداق ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلما! بۇ ئايالدىن ئايرىل، داداڭ سىنىڭدىن شۇنى ئۆتۈنىدۇ.

مەن لام ـ جىم دىمىدىم.

— ئارماند، — دىدى دادام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەسۇمە ئاناڭنىڭ ھەققىدە ماڭا ئىشەنگىن! بۇنداق تۇرمۇشتىن قول ئۈز. سەن ھازىر 24 ياشقا كىردىڭ، كىلەچىكىڭنى ئويلاپ باق! سەن بۇ ئايالنى مەڭگۇ ياخشى كۆرەلمەيسەن. ئۇ سىنى مەڭگۇ ياخشى كۆرەلمەيدۇ. سەن ئۆزۈڭلارنىڭ مۇھەببىتىنى مۇبالىغە قىلىۋاتىسىلەر، يەنە بىر قەدەم ماڭساڭ پاتقاقلىق ئورىغا چۈشۈپ كىتىسەن ـ دە، قايتا چىقالمايسەن. ياشلىقىڭدا خاتا باسقان قەدىمىڭ ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان قىلىسەن.

مىنىڭ ھىس قىلىشىمچە، دادامنىڭ گەپلىرى باشقا بارلىق ئاياللارغا نىسبەتەن توغرا بولسىمۇ، لىكىن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، مارگارىتقا نىسبەتەن خاتا ئىدى. ھالبۇكى، دادامنىڭ گەپلىرى شۇنچىلىك سەمىمىي، شۇنچىلىك چىن ئىدىكى، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم.

— قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھاياجانلانغان ئاۋاز بىلەن.

— دادا، مەن سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنىڭ بىرسىگى-مۇ ماقۇل بولالمايمەن. سىز بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ نەتى-جىسىنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىۋاتىسىز. مارگارىت ھەرگىزمۇ سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەك ئايال ئەمەس، بۇنداق مۇھەببەت مېنى يامان يولغا باشلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا بارغانسېرى يۈكسەك ـ ئالىيجاناب بىر مۇھەببەت بولۇپ شەكىللى-نىدۇ. بۇنداق مۇھەببەتنى قوزغىيالىغان ئايالنىڭ قانداق ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەقىقىي مۇھەببەت كى-شىنى باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەكلىككە باشلايدۇ.

— ناۋادا سىز مارگارىت بىلەن تونۇشسىڭىز، مې-نىڭ ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇقمايدىغانلىقىمنى چۈشىنىسىز. باشقا ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا قانچىلىك ئاچكۆزلۈك بولسا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنچىلىك خالىسانىلىك بار.

— ۋەھالەنكى، بۇ سېنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكۈڭنى ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ. چۈنكى، سەن ئاناڭدىن ئالغان 60 مىڭ فرانكنىڭ ھەممىسىنى مارگارىتقا بەردىڭ. بۇ 60 مىڭ فرانك سېنىڭ قولۇڭ-دىكى بىردىنبىر مال ـ مۈلۈك ئىدى.

دادامنىڭ بۇ تەھدىتلىك گەپلەرنى مەقسەتلىك ھالدا ماڭا ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم سۈپىتىدە، ئاخىرىغا قالدۇرۇپ سۆزلىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى.

دادام ئەڭ ئاخىردا ماڭا ئۆزى بىلەن بىللە كېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى، مەن بۇنى قەتئىي رەت قىلدىم. دادام كەتتى.

## 21

دادام مېڭىشىغا مەن بىر پەيتۇنغا چۇشۇپ بۇجەدۋارغا قايتىپ كەلدىم ـ دە، دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشنى مارگارىتقا ئېيتىپ بەردىم.

— لېكىن، سىزنىڭ بەربىر دادىڭىزنىڭ گېپى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىڭىز ماڭا بىلىنىپ تۇرۇدۇ، — دېدى ئۇ تولىمۇ ئەنسىرىگەن هالدا، — ئەڭ ئاخىردا بەلكىم ئۇ سىزنى قايىل قىلىشى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولمايدۇ، مارگارىت، مەن هامان دادامنى قايىل قىلىمەن. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچقا، ئاشۇنداق قاتتىق ئاچچىقلىنىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يۇمشاق، تولىمۇ تۈز، ئۇ يەنىلا ئاچچىقىدىن يانىدۇ.

— ئارماند، مەن هەممە نەرسىگە رازىكى، پەقەت باشقىلارنىڭ مېنى سىز بىلەن ئائىلىڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويدى دەپ ئەيىبلىشىگە رازى ئەمەسمەن. بۇگۈن بولدى قىلايلى، ئەتە سىز پارىژغا قايتىپ كېتىڭ. دادىڭىز بەلكىم هەر جەهەتتىن ئويدانراق

ئويلىنىپ كۆرۈشى مۇمكىن، بەلكىم ئوتتۇراڭلاردا چۈ-
شەنچە ھاسىل قىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ
پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ قويىماڭ، ماڭا بەكمۇ
غەمخورلۇق قىلىدىغاندەك قىياپەتتە كۆرۈنۈپ قالماڭ، ئۇ
بۇ ئىشنى مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈۋېتىشى مۇمكىن.
مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرمىسۇن، سىزنىڭ مارگارىتى-
ڭىز ھامان سىزنىڭ!

ئەتىسى مەن دادامنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ مېھمانسا-
رايدا يوق ئىكەن، مەن ئۇنى سائەت ئالتىگىچە كۈتتۈم-
دە، يەنە بۇجىۋارغا قايتىپ كەتتىم.

مارگارىت مېنى دېرىزىنىڭ ئالدىدا كۈتمەستىن،
بەلكى مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىياللارغا
غەرق بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ مېنى ئەتىلىككە يەنە بېرىپ، دادامنى ئىزدەشكە
بۇيرۇدى:

— دوستۇم، چوقۇم دادىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ، بو-
لۇپمۇ ئەتىلىككە شۇنداق قىلىڭ.

— نېمىشقا باشقا كۈنى ئەمەس، بەلكى زادى ئەتە-
لىككە بارمىسام بولمايدىكەن؟

— چۈنكى، — دېدى مارگارىت مېنىڭ بۇنداق دەپ
سورىغىنىمنى ئاڭلىغان ھامان ۋىللىدە قىزارغان ھال-
دا، — چۈنكى سىز قانچە جىددىي تەلەپ قىلسىڭىز، بىز
شۇنچە تېز كەچۈرۈشكە ئېرىشىمىز.



شۇ كۈنى مارگارىت كۆن بويى گاراڭ ۋە پەرىشان ھالەتتە يۈردى.

ئۇنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، مەن گېپىمنى ھامان ئىككى قېتىم تەكرارلايتتىم.

ئەتىسى مەن دادامنى يەنىلا كۆرەلمىدىم، لېكىن ئۇ قالدۇرۇپ قويغان خەتنى كۆردۈم.

*«ناۋادا بۈگۈن يەنە مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولساڭ، مېنى سائەت تۆتكىچە ساقلا! ناۋادا مەن سائەت تۆتتىمۇ كەلمىسەم، ئەتىلىككە كەچلىك تاماقنى مەن بىلەن بىللە يېگىن! مەن چوقۇم سەن بىلەن سۆھبەتلىشىمەن.»*

مەن تاكى خەتتە بەلگىلەنگەن ۋاقىتقىچە ساقلىدىم، دادام كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن كېتىپ قالدىم.

مارگارىت قىزىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ ھاياجانلىق ئىدى، قايتىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ، ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى ۋە قۇچىقىمدا تۇرۇپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن يىغلىدى.

ئۇنىڭ ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ھەسرەت چېكىشى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ ماڭا چاك باسقۇدەك بىرەر سەۋەبنى ئېيتىپ بېرەلمىدى، ئۇنىڭ گەپلىرى بىر ئايالنىڭ راست سۆزلىگۈسى كەلمىگەن چاغدا كۆرسىتىپ چىقىدىغان باھانىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇ بىرئاز تىنچلانغاندىن كېيىن، مەن بۇ قېتىمقى قاترىشىمنىڭ نەتىجىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم ۋە خەتنى

ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم، مەن ھەتتا ئۇمىدۋارراق بولايلىمۇ دېدىم.

خەتنى كۆرۈپ، مارگارىت تېخىمۇ ئىچىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ نېرۋىسىغا تەسىر يەتكۈزۈۋېلىشتىن چۆچۈ-دۇم ـ دە، لام ـ جىم دېمەي، قاتتىق يىغلاۋاتقان بۇ قىزنى يۆلەپ ئەكىلىپ تۆشەككە ياتقۇزدۇم، لېكىن ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى تۇتۇۋېلىپ، توختىماي سۆيمەكتە ئىدى.

مەن سەزگۈلىرىمگە ئاساسەن شۇنى ھېس قىلدىم-كى، تۇنۇگۇندىن بېرى چوقۇم بىرەر ئىش يۈز بەرگە-نىدى، مەن بۇ ھەقتە خىزمەتكاردىن سورىدىم، ئۇمۇ ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى دېدى، مەن تەشۋىش ئى-چىدە قالغاندىم.

كەچقۇرۇن مارگارىت بىرئاز تىنچلانغاندەك بولدى. ئۇ مېنى تۆشىكىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئىزھار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مارگارىت ماڭا قاراپ پە-سىڭگىدە بىر كۈلۈپ قويدى، لېكىن بۇ كۈلكە تولىمۇ زورىغا چىققان كۈلكە ئىدى، چۈنكى ئۇ كۆز ياشلىرىنى قانچىلىك ئىدارە قىلسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھامان ياشقا تولغانىدى.

ئۇ ئاخىر قۇچىقىمدا ئۇخلاپ قالدى، لېكىن ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا چۆچۈپ ئويغىنىپ چىرقىرايتتى، مېنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا بارلىقىمغا كۆزى يەتكەندىن

كىيىن، مەندىن ئۆزىنى مەڭگۈ سۆيىمەن دەپ قەسەم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى.

سائەت ئۇن بىرلەردە مارگارىت ئويغاندى، مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى ـ دە، ۋارقىراپ تاشلىدى:

— سىز ھازىر ماڭامسىز؟

— ياق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — مەن سىزنى بىردەم ئۇخلىۋالسۇن دەۋاتىمەن، ۋاقىت تې-خى ئەتىگەنغۇ!

— سىز پارىژغا سائەت قانچىدە بارىسىز؟

— سائەت تۆتتە.

— شۇنچە ئەتىگەنما؟ پارىژغا بېرىشتىن ئىلگىرى سىز ماڭا باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولىسىز، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، مەن باشتىن ـ ئاخىر سىزگە ھەمراھ بولۇۋاتىمەنغۇ؟!

— بىز نەقەدەر بەختلىك ـ ھە!

— بىز بىرىپ چۈشلۈك تاماق يەيلى، بولامدۇ؟ — دې-دى ئۇ ئېرەنشىمىگەن ھالدا، — مەن سىز بىلەن تاكى سىز بۇ يەردىن كەتكىچە بىللە بولىمەن، مېنى تىنماي قۇچاقلاڭ، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئىمكان بار بالدۇر كېلىمەن.

— سىز يەنە قايتىپ كېلەمسىزا؟ — دېدى ئۇ ماڭا

ھەيرانلىق كۆزلىرى بىلەن قاراپ.

— شۇنداق بولمايچۇ!

— توغرا، — بۇگۈن ئاخشام قايتىپ كېلىسىز. مەن ئادەتتىكىگە ئوخشاش سىزنى كۈتىمەن. سىز يەنىلا مېنى ياخشى كۆرىسىز، بىز يەنىلا تونۇشقان چاغلاردىن بۇيانقىدەك بەختلىك بولىمىز ـ ھە!

ئۇ خۇددى ئېيتالمايدىغان بىر مەخپىيىتى باردەك دۇدۇقلايتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، مەن ئۇنى سارالڭ بولۇپ قالمىغىيدى دەپ غەم يەپلا ئولتۇردۇم.

— كېيىمگە قولاق سېلىڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — سىز ئاغرىپ قالدىڭىز، مەن سىزنى بۇنداق ھالەتتە تاشلاپ كېتەلمەيمەن، مەن دادامغا مېنى كۈتمە دەپ خەت يېزىۋېتەي.

— ياق، ياق، — ئۇ بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى، — بۇنداق قىلماڭ، بۇنى دادىڭىز مەندىن كۆرىدۇ، ياق ـ ياق، چوقۇم بېرىڭ! چوقۇم بېرىشىڭىز كېرەك! ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىممۇ يوق. مەن پەقەت بىر يامان چۈش كۆردۈم، خالاس. خۇدۇمنى تېخىچە تامامەن يىغالمايۋاتىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مارگارىت سەل كۆلۈمسىرەپ، قايتا يىغلىمىدى. ۋاقىت توشتى، مېڭىشىم كېرەك ئىدى، مەن مارگارىتنى سۆيدۈم ـ دە، ئۇنىڭدىن ماڭا ھەمراھ بولۇپ بېكەتكە بېرىشنى خالامسىز، دەپ سورىدىم،

ئۇ ماقۇل بولدى.

ئايرىلىدىغان چاغدا، مەن مارگارىتقا كەچتە كۆرۈ-شەيلى، دېدىم.

ئۇ ماڭا جاۋاب بەرمىدى.

پارىژغا كېلىپ ئۇدۇل فرىدانسىنىڭ ئۆيىگە باردىم ـ دە، ئۇنى مارگارىتنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدىم، مەن ئۇنىڭ مارگارىتنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ قو-يۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

فرىدانس باھانە كۆرسىتىپ، مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلدى. ئۇنىڭمۇ خۇددى مارگارىتقا ئوخشاش نۇرغۇن دەردى باردەك قىلاتتى.

مەن دادامنىڭ يېنىغا باردىم، ئۇ ماڭا زەن سېلىپ بىر قۇر قاراپ چىقتى.

ئۇ ماڭا قوللىرىنى سۇندى.

— سېنىڭ مېنى ئىككى قېتىم يوقلاپ كەلگىنىڭ مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدى، ئارماند، — دېدى ئۇ ماڭا، — بۇ ھال مېنىڭدە ئۈمىد پەيدا قىلدى، سەن بەلكىم مەن سېنى ئويلىغاندەك مېنى ئويلىغان ئوخشايسەن.

— مەن سىزدىن شۇنى بىئەدەپلىك قىلىپ سوراپ باقسام بولامدۇ، دادا، ئويلانغىنىڭىزنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

— نەتىجىسى شۇكى، ئوغلۇم، مەن سۆز ـ چۆچەك-لەرنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنى زىيادە مۇبالىغە قىلى-ۋېتىپتىمەن. مەن سېنى ئاز ـ تولا كەچۈرۈم قىلىشقا

ماقۇل بولدۇم.

— نېمە دەۋاتىسىز، دادا؟ — دېدىم مەن خۇشاللىق بىلەن.

— مەن دېمەكچىمەنكى، سۆيۈملۈك ئوغلۇم، ھەر-قانداق بىر ياش يىگىتنىڭ ئاشنىسى بولۇشى كېرەك، يەنە كېلىپ مەن يېڭىدىن بىلگەن ئەھۋالغا ئاساسەن، سېنىڭ ئاشناڭنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى گېدىئەي خېنىم بولۇشىنى بىلىشنى خالايمەن.

— مېنىڭ قالتىس ئوبدان دادام-دە سىز، سىز مېنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتىڭىز، دادا!

بىز مۇشۇ تەرزدە پاراڭلىشىپ، كەچلىك تاماقنى بىللە يېدۇق. دادام تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى.

مەن بۇ خۇش خەۋەرنى ماركارىتقا يەتكۈزۈشكە تو-لىمۇ ئالدىرايتتىم، بۇنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەكچى بولاتتىم، شۇڭا مېنىڭ تامدىكى سائەتكە قارىغىنىم قارىغانىدى.

دادام مېنى بۇ كېچىنى مەن بىلەن بىللە ئۆتكۈز-گىن دەپ چىڭ تۇرىۋالدى، مەن كۆڭلۈمدە ماركارىتنى ياد ئېتىپ تۇرغىنىم ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەتىلىككە كېلەي دەپ ۋەدە بەردىم.

## 22

پويىز ماڭا تولىمۇ ئاستا مېڭىۋاتقاندەك، توختاپ قالغاندەك بىلىنەتتى.

مەن سائەت 11 دە بۇجىۋارغا يېتىپ كەلدىم.

ھەنىنىۋا ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى قاراڭغۇ ئىدى، خىز- مەتكار ماڭا:

— خېنىمم پارىژغا كەتتى، — دېدى.

— ئۇ قانداقتۇر بىرنەرسىدىن گۇمانلانغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپ ئويلىدىم مەن، — بەلكىم پارىژغا بې- رىپ مېنىڭ دادامنى كۆرۈپ كېلىمەن دېگەن گېپىم- نىڭ راست - يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكچى بولغان بولسا كېرەك.

بىردىنلا مەن فرىدانسقا مارگارىتنىڭ سەل - پەل تاۋى يوق بولۇپ قالدى دېگەن چېغىمدا، ئۇنىڭ مەندىن ئەمىسە ئۇ بۈگۈن كېلەلەمدۇ؟ دەپ سورىغانلىقى ئې- سىمگە كەلدى.

بۇ گەپ ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىمىز دەپ ۋەدىلىشىپ قويغانلىقىنى ئاشكارا قىلىپ قويغاندەك قىلاتتى، شۇن- داقلا مەن ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى تەڭقىسلىق ھالىتى- نىمۇ ئېسىمگە ئالدىم، مەن يەنە مارگارىتنىڭ كۆن بويى مۆلۈلدەپ ياش تۆككىنىنىمۇ ئەسلەپ كەتتىم.

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، گۇمانىم بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى.

مارگارىت مېنى پارىژغا زورلاپ دېگۈدەك بارغۇزغان، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا قالاي دېيىشىم بىلەنلا، ئۇ تىنچلانغان قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. مارگارىت مېنى

ئالداۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ ئىشى چىقىپ قېلىپ ۋاقتىدا كې-لەلمەي قالغانمىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ھېچ نەرسە دېمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھېچنېمە قالدۇرمايدۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ياشلى-ىرى، ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشى زادى نېمىدىن بېشارەتتۇ؟

ھالبۇكى، تېخى يېقىندىلا ئۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشىمىزنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇ بەرگەن بەدەلنى مەنمۇ قوبۇل قىلدىم.

ئەجەبا، ئۇ مېنى راستىنلا ئالداۋاتامدىغاندۇ؟ مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ پەرەزلىرىنى چۆ-رۈپ تاشلىماقچى بولاتتىم.

مەن ئۇنىڭ پاتراق قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قى-لىپ، ئۇنى بىتاقەت بولۇپ كۈتمەكتە ئىدىم.

تۈن نىسبى بولدى، مارگارىت قايتىپ كەلمىدى. مەن بىر كىتابنى تېپىپ ئوقۇشقا باشلىدىم، چۈنكى مەن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئويلىنىشقا جۈرئەت قىلال-مايتتىم.

شىرەنىڭ ئۈستىدە «مارون رېيسكو» دېگەن كىتاب ئېچىقلىق تۇراتتى. كىتاب ۋاراقلىرىنىڭ نۇرغۇن جاي-لىرى كۆز يېشى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. كى-تابتىكى ھەرپلەر مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز نەرسە بو-لۇپ، بىردەمدىن كېيىن كىتابنى يەنە ئېلىپ يېپىپ قويدۇم.

ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئاسمان قارا

بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان، كۆز يامغۇرى بېسىپ كەل-مەكتە ئىدى. ئەينەك دېرىزىلەر توختىماي دىرىلدەيتتى. بوش تۇرغان تۆشەك بەزىدە كۆزگە گويا قەبرىدەك كۆ-رۈنەتتى، مەن ھەقىقەتەن سەل ـ پەل قورقۇپ قالغانىدىم.

سائەت ئىككىگە قوڭغۇراق چالدى. مېنىڭ قەلبىمە-دىكى قارا بۇلۇتلار بارغانسېرى قېلىنلىشىپ كېتىۋا-تاتتى، مەن ئەمدى كۈتەلمەيتتىم، شۇڭا خىزمەتكارغا پارىژغا بېرىپ مارگارىتنى ئىزدەپ باقاي دېدىم ـ دە، ئۆ-زۈمنى تاسىلداپ تەكشى يىغىۋاتقان كۈز يامغۇرىنىڭ ئىچىگە ئوقتەك ئاتتىم.

يەر يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، پاتقاقتا ماڭغىلى بولمايتتى، يېرىم سائەت بولمايلا پۈتۈن بەدە-نىم چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى.

مەن ئىككى سائەت مېڭىپ، ئاخىر پارىژغا يېتىپ باردىم. يولدا بىرمۇ كىشى كۆرۈنمەيتتى، مەن خۇددى بىر ئۆلگەن شەھەردە سەيلە قىلىۋاتقاندەك ئىدىم.

تاڭ يوراي دەپ قالغان چاغدا، مەن ئانتان كوچى-سىدىكى مارگارىتنىڭ ئۆيىگە باردىم.

بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ئادەم يوق ئىدى. مەن دېرىزىنى ئېچىپ فرىدانسىنى چاقىردىم، جاۋاب بولمىدى. مەن بى-نادىن پەسكە چۈشۈپ، دەرۋازىۋەندىن كۈندۈزى مارگارىت-نىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سورىدىم.

— كەلگەن، دېۋىرنوۋا خانىم بىلەن بىللە كەلگەن،

كېيىن پەيتۇنغا ئۇلتۇرۇپ كېتىپ قالدى، — دېدى.

ئۇ ماڭا بىر پارچە خەت بەردى، قارىسام، بۇ مارگا-رىتىنىڭ خېتى ئىكەن:

*«دىۋىرنوۋا خانىم ئارقىلىق دىۋار ئەپەندىگە تاپشۇرۇلىدۇ.»*

مەن خەتنى ئېلىپ بازاردا كېتىۋاتقاچ ئوقۇۋاتىمەن، ئايىغىم ئاستىدا چاقماق چاقسىمۇ مېنى بۇ خەتچىلىك قورقۇتالمىغان بولاتتى.

*«سىز بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا، ئارماند، مەن ئاللىقاچان باشقا كىشىنىڭ ئاشنىسى بوپ كەتتىم. ئەمدى ئارىمىزدىكى ھەممىنىڭ ئىش تۈگىدى.*

*دادىڭىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىڭ، دوستۇم! ئاز-ىدىن بېرىپ سىڭلىڭىزنى يوقلاڭ، ئۇ بىر بىغۇبار قىز، ئۇ بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىزنى بىلمەيدۇ. سىڭلىڭىز-نىڭ يېنىدا تۇرسىڭىز، كىشىلەر تەرىپىدىن مارگارىت گېدىئەي دەپ ئاتىلىدىغان چۈشكۈن قىزنىڭ سىزگە سالغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى چاپسانلا ئۇنتۇپ كېتى-سىز. ئۇ ئۆتكەندە بىر مەزگىل سىزنىڭ مۇھەببىتى-ڭىزدىن بەھرىمەن بولغان، بۇ قىزنىڭ ئۆمرىدىكى ئاشۇ قىسقىغىنا بەختلىك پەيتلەرنى ئۇنىڭغا سىز بەرگەن، ئۇ ھازىر ئۆز ھاياتىنىڭ بۇرۇنراق ئاخىرلىششىنى ئۈمىد قىلىدۇ.»*

مەن ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملىنى ئوقۇغاندا ئېلىشىپ

قالايلا دەپ قالدىم.

كۆز ئالدىمدا بىر پارچە تۇمان پەيدا بولۇپ، ئىسسىق قانلار چېكىلىرىمدە لوقۇلداپ جۇش ئۇراتتى.

مەن مارگارىت بەرگەن زەربىگە ئۆزۈم يالغۇز تاقابىل تۇرالمايتتىم. شۇڭا مەن دادامنىڭ دەل مەن بىلەن بىللە بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇن مىنۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا بارالايدىغانلىقىمنى، يەنە كېلىپ دادامنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى مەن بىلەن تەڭ تارتىشىپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم.

مەن كوچىدا خۇددى ساراڭدەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتىم. دادام كىتاب ئوقۇۋاتقان ئىكەن، ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قالمىدى، ئۇ خۇددى مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن لام ـ جىم دېمەيلا ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. مەن مارگارىتنىڭ خېتىنى دادامغا سۇندۇم ـ دە، تارام ـ تارام ياش تۆككەن ھالدا ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتىم.

## 23

تۇرمۇشتىكى ھەممىۋا ئىش يېگىۋاشتىن ئىزىغا چۈشكەندە، يېڭى كەلگەن بىر كۈننىڭ ئۆتمۈشتىكى كۈنلەر بىلەن قانداقتۇر پەرقى بولىدۇ دېگەنگە مەن ئىشىنەلمەيتتىم. بىرنەچچە قېتىم مەن دائىم دېگۈدەك

قانداقتۇر بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكتىن مەن مارگا-رىتنىڭ ئۆيىدە قونالماي قالدىم دەپ قاراپ كەلگەنىدىم، ھالبۇكى، ناۋادا مەن بۇجىۋارغا قايتىپ كەلگەن بولسام، ئۇنىڭ بىتاقەت بولۇپ مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتىم.

مەن ئۆزۈمنى چۈش كۆرۈۋاتمايدىغانلىقىمغا ئىشەن-دۈرۈش ئۈچۈن، دائىم مارگارىتنىڭ خېتىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشقا مەجبۇر بولاتتىم. كۆڭلۈمدىكى تەشۋىش ـ ئەن-دىشىلەر كېچىدىكى سوكۇلداشلار، ئەتىگەندە ئاڭلىغان خەۋەرلەر بىر بولۇپ ھالىمنى قويمىغانىدى. دادام بۇ چاغدا مېنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە پارىژدىن كېتىشىمنى ئېنىق تەلەپ قىلغانىدى.

مەن ئۇنىڭ تەلىپىگە تامامەن ماقۇل بولدۇم. مې-نىڭدە ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلغۇدەك قۇدرەت يوق ئى-دى، مەن ھاياتىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان بىر خىل ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ بولۇشىغا موھتاج ئىدىم.

دادام مەن يولۇققان كۆڭۈل جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولۇشنى تولىمۇ خالايتتى، مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تو-لىمۇ بەختلىك ھېس قىلدىم.

شەھەر كەينىمىزدە قېلىپ كۆزدىن غايىب بولغان-دىن كېيىن، سەپەر غېرىبچىلىقى كۆڭلۈمنى غەش قىلغىلى تۇردى.

شۇ پەيتتە، كۆزۈمگە يەنە ياش تولۇشقا باشلىدى. دادام ھەرقانداق گەپ ـ سۆزنىڭ مېنى ئاۋۇندۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، خۇددى يېنىمدا بىر دوستۇڭ بار دەپ مېنى ئاگاھلاندۇرغاندەك، بەزىدە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قولۇمنى سىقىپلا قوياتتى.

مەن ھەمىشە دادامنىڭ مەن بۇ ئايالنىڭ مۇھەببىتىگە ئىشەنمەيمەن، سىنىڭچە مەن توغرا دەپتىمەنمۇ دېيىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم.

مەن سىڭلىمنى قۇچاقلاپ سۆيگەن چېغىمدا، سىڭلىم مەيلى قانچىلىك ياخشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭمۇ ماڭا ئاشنامنى ئۇنتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى دەرھال بىلىپ يەتتىم.

دادام بىر تەرەپتىن كۆچىنىڭ بارچە مېنىڭ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقارماقچى بولاتتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن مەن ئەمدى پەقەت تاقەت قىلالمايدىغان ھالەتكە يەتتىم.

مارگارىتنىڭ سىماسى كاللامدا توختىماي ئايلىنىپ يۈرەتتى، مەن بۇ ئايالنى ئۆتمۈشتە قاتتىق ياخشى كۆرگەن ۋە ھازىرمۇ قاتتىق ياخشى كۆرەتتىم، مەن ئۇنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ كېتەلىشىم پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنى چوقۇم يەنە كۆرۈشۈم، شۇنداقلا دەرھال كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى.

مەن دادامغا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ پارىژغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر تەرەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان بەزى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، دەرھال قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئۇ مېنىڭ پارىژغا بېرىشىمدىكى سەۋەبنى چوقۇم قىياس قىلىپ بىلىۋالغانىدى، لېكىن دادام مېنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشىم ئارقىسىدا تەلىپىمگە ماقۇل بولدى، ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، مېنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا پاتراق قايتىپ كېلىشىمنى تەلەپ قىلدى.

پارىژغا بېرىشتىن ئىلگىرى مەن زادىلا ئۇخلىيالمىغانىدىم.

مەن پارىژدىكى ئۆيۈمدە كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپلا، ئىپار قوۋالشىر كوچىسىغا يېتىپ باردىم.

يېرىم سائەتتىن كېيىن مەن مارگارىتنىڭ پەيتۇنىنى كۆردۈم، بىراق پەيتۇندا مارگارىت يوق ئىدى.

مەن تۆت ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىقتىم ـ دە، مارگارىتنىڭ مەن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بىر ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا پىيادە مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆزۈمگە چۈشۈپ قالدى.

يېنىمدىن ئۆتكەندە مارگارىتنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ كەتتى، لەۋلىرى قىمىرلاپ، چىرايىدا تارتىنىشما ھالەتتىكى بىر خىل تەبەسسۇم پەيدا بولدى. مېنىڭ يۈرەكلىرىم بولسا قاتتىق دۈپۈلدەپ، ئۆزىنى كۆكرىكىمگە

ئۇرماقتا ئىدى. لېكىن مەن ھەر ھالدا تەمكىن قىياپى-تىمنى ساقلاپ، سەل - پەل كېرىلىپ قويدۇم. مارگارىت ئۇدۇل پەيتۇن تەرەپكە مېڭىپ، ھېلىقى ئايال بىلەن بىللە پەيتۇنغا چىقتى.

مەن مارگارىتنى بىلەتتىم، بۇ قېتىمقى تويۇقسىز ئۇچرىشىش چوقۇم ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەندى.

ناۋادا مەن مارگارىتنىڭ كۆنلىرىنىڭ ياخشى ئۆتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسام، ناۋادا مەن ئۇنىڭغا ئاز - تولا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئۆچ ئېلىش روھىي ھالىتىمنى قاندۇرغان بولسام، ئېھتىمال مەن مارگارىتنى كەچۈرگەن، چوقۇم ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش خىيالىدا بولمىغان بولاتتىم. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئىنتايىن بەختلىك ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، ھېچبولمى-غاندا كۆرۈنۈشتە شۇنداقراق ئىدى. باشقىلار مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنى مەن ئەمدى داۋاملىق تەمىن ئېتەلمەيدىغان ھەشەمەتلىك - ئىسراپچىلىق تۇرمۇش بىلەن تەمىن ئې-تىۋېتىپتۇ. ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى مارگارىتنىڭ ئۆ-زى بۇزغان، مېنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىم بىلەن مۇھەب-بىتىم ھاقارەتكە ئۇچرىدى، ئۇ مەن چەككەن ئازاب - ئو-قۇبەتلەر ئۇچۇن بەدەل تۆلىشى كېرەك.

مەن بۇ ئايالنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە ئۇندىمەي جىم تۇرالمايتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بەلكىم مارگارىتنى مېنىڭ جىم بولۇۋېلىشىمدىن ئارتۇق قاتتىق ئازابلايدىغان

ئازاب بولمىسا كېرەك. مېنىڭ مارگارىتنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشىم زۆرۈر ئىدى.

مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك خۇشال قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، فىرىدانسىنىڭ ئۆيىگە كىردىم.

ئۇ مېنى كىچىك مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى، مەن ئەمدىلا ئولتۇرۇشۇمغا مېھمانخانىنىڭ ئىچىدىن ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، ئارقىدىنلا پولدا يېنىك ماڭغان قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەلەمپەي سۇپىسى يېنىدىكى ئىشىك قاتتىق يېپىلدى.

فىرىدانس ماڭا بىۋاسىتىلا بايامقى ئاۋازنىڭ مارگارىتنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئۇنداقتا، ئۇ ھازىر مېنىڭدىن قورقىدىغان بوپ قاپتۇ ـ دە!

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، سىزنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ بىزار بولۇشىڭىزدىن قورقىدۇ.

— نېمىشقا؟ — مەن جىددىيلەشكىنىمدىن نەپەس ئالالماي قالدىم. لېكىن بار كۈچۈم بىلەن كەيپىياتىمنى تىزگىنلىۋالدىم، — بۇ بىچارە قىز ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك ـ ئىسراپچىلىق تۇرمۇشىغا يېڭىۋاشتىن ئېرىشىدىغان دەپ مەندىن ئايرىلىپتۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىنتايىن توغرا، مەن ئۇنى ئەيىبلىمەسلىكىم كېرەك، بۈگۈن مەن ئۇنى كۆردۈم.

— نەدە كۆردىڭىز؟ — دەپ سورىدى فىرىدانس، ئۇ ماڭا خۇددى ئۆزى تونۇيدىغان ھېلىقى ئىشقىۋاز يىگىت شۇمۇ ـ ئەمەسمۇ دېگەندەك بېشىمدىن ئايىغىمغىچە سەپ ـ سېلىپ قارايتتى.

— ئىپار قوۋالشىر كوچىسىدا، ئۇ باشقا بىر چىراي ـ لىق قىز بىلەن بىللە كېتىۋاتقان ئىكەن، ئۇ قىز كىم؟

— ھە، ئۇ ئولىپ. ھەقىقەتەنمۇ قالتىس چىرايلىق قىز.

— ئۇنىڭ ھازىر ئىگىسى بارمۇ؟

— راۋۇرۇس ئىگىسى يوق!

— ئۇ نەدە تۇرىدۇ؟

— ترونشې كوچىسىدا. ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە! ئۇنىڭ پېيىگە چۈشەي دەمسىز؟

— كەلگۈسىنىڭ ئىشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— ئەمىسە، مارگارىتچۇ؟

— مەن ئۇنى ئازراقمۇ سېغىنمىدىم دېسەم يالغان ئېيتقان بولىمەن. لېكىن مەن ئايرىلىش شەكلىگە تو ـ لىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم، مارگارىت مېنى قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق يولغا سېلىۋەتكەن بولدى. مەن ئىلگىرى تولىمۇ ھاماقەتكەنمەن، چۈنكى، مەن ئىلگىرى بۇ قىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتىم.

مېنىڭ چېكەمدىن تەر تەپچىرەيتتى، ئاۋازىم سەل ـ پەل ئۆزگەرگەندى.

— ئۇ سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ بۈگۈن سىزگە ئۇچرىشىپ كېلىپلا ئۇچراشقىنىنى ماڭا ئېيىتىپ بەردى. مانا بۇ پاكىت. ئۇ كەلگەن چاغدا خۇددى كېسەل بولۇپ قالغان كىشىدەك جاقىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

— ئەمىسە، ئۇ سىزگە نېمە دېدى؟

— ئۇ ماڭا چوقۇم سىزنى كۆرگىلى كېلىدۇ دېدى ھەمدە ئۇ سىزدىن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ماڭا ھاۋالە قىلدى.

— مېنىڭ ئۇنى ئاللىقاچان كەچۈرگەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويسىڭىز بولىدۇ. ئۇ ئاق كۆڭۈل قىز. لېكىن ئۇنىڭ ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى ئەسلىدە مەن بالدۇرراق پەرەز قىلىشىم كېرەك ئىدى. ھەتتا مېنىڭ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدىغان خىيالىممۇ بار ئىدى، چۈنكى، مەن بۈگۈن ئۆز ـ ئۆزۈمدىن ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن دېگەن خىياللىرىمنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار دەپ سوراۋاتىمەن. ئۇ چاغدا مەن ھەقىقەتەن ئالىجوقا ئىكەنمەن.

— ناۋادا مارگارىت سىزنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغانلىقىڭىزنى بىلسە، چوقۇم خۇشال بولاتتى.

— ئۇ قەرزىنى قايتۇرۇپ بولدىمۇ؟

— گراف N مارگارىت ئۇچۈن تۆلەپ قويدى. يەنە ئۇنىڭ سېتىۋەتكەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ كەلدى.



مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ ھازىرقىدەك ھالىتىنى كۆرمە-
گەن، — دېدى فرىدانس يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ، — ئۇنى كېچىچە ئۇخلىمايدۇ دېسىمۇ بولىدۇ، نە-
مۇنەگە بېرىپ تانسا ئوينايدۇ، كەچلىك تاماق يەيدۇ، بە-
زىدە تېخى غەرق مەست بولغۇچە ئىچىدۇ. يېقىندا ئۇ
تۆشەكتىن چۈشمەي بىر ھەپتە ياتتى، دوختۇر ئۇنىڭ
تۆشەكتىن چۈشۈشىگە ئەمدىلا رۇخسەت قىلىۋىدى ئۇ
جاندىن تويغان ھالدا بۇنداق تۇرمۇشنى يەنە يېڭىۋاشتىن
باشلىۋەتتى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، كۆزلىرىمدە قەھر - غەزەپ
ياشلىرى، كۆڭلۈمدە بولسا ئۆچ ئېلىش تەقەززاسى بار
ئىدى، مەن پۈتۈن ئەس - يادىم بىلەن بۇ ئايالنى ئازابلاي-
دىغان بىرەر ئۇسۇلنى تېپىشنى ئويلايتتىم.

ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ئارزۇ - ھەۋىسى زىيانغا ئۇچ-
رىغان چاغدا، ئەر كىشىلەر نەقەدەر چاكىنا ۋە رەزىل
بولۇپ كېتىدۇ - ھە!

مارگارىتنىڭ ھېلىقى ئايال دوستى ئولىپ تانسا
كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتاتتى، پەمىچە مارگا-
رىتمۇ بۇ كېچىلىككە قاتنىشاتتى، شۇڭا مەن بىر ئا-
ماللار بىلەن تەكلىپ باغىقى تاپتىم.

مەن ئەلەملىك كەيپىيات بىلەن تانسا كېچىلىكىگە
كەلگىنىمدە، تانسا كېچىلىكى خېلىلا قىزىپ كەتكەنىدى.
مەن گراف N نىڭ مارگارىت بىلەن تانسا ئويناۋاتقانلىقىنى

كۆردۈم. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق بىر ئايالنى كۆز ـ كۆز قىلالىغىنىدىن تولىمۇ مەغرۇر ئىدى، ئۇ كۆپچىلىككە: «بۇ ئايال مېنىڭكى» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن تام مەشكە دۇمبەمنى قىلىپ، دەل مارگارىتقا قاراپ تۇراتتىم. ئۇ مېنى بىرلا كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم، مەن ئۇنىڭ بىلەن قول ۋە كۆزلىرىم ئارقىلىق ئادەتتىكىچە سالاملاشتىم.

مەن تانسا ئاياغلاشقاندا، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭىدىغان كىشىنىڭ مەن ئەمەس، بەلكى ھېلىقى پۇلدار ئەخمەق ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى ئويلىغىنىمدا، قانلىرىم بېشىمغا چاپچىدى ـ دە، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولدۇم.

ئولىپىنىڭ گۈزەل مۇرىلىرى بىلەن يېرىم يالىڭاچ مەيتۇنكار كۆكرەكلىرى پۈتكۈل مېھمانلار ئالدىدا نامايان بولماقتا ئىدى. تۆت قاتار بولۇپ ئوينايدىغان تانسىدىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە كېلىپ تانسا ئويناپ قالدىم.

مەن بۇ ئايالنى ئۆزۈمگە ئاشنا قىلىۋېلىش قارارىغا كەلدىم.

مەن بىر تەرەپتىن تانسا ئوينىسام، بىر تەرەپتىن ئاشىقى بىقارار بولغان كىشىنىڭ رولىنى ئوينايتتىم.

يېرىم سائەتتىن كېيىن چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن مارگارىت خۇرۇم پەلتوسىنى كىيدى ـ دە، تاش-سىدىن چىقىپ كەتتى.

## 24

مۇشۇ ئەلەمنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشاتتى، لېكىن مەن يەنىلا بولدى قىلمىدىم. مەن ئۆزۈمدە بۇ ئايالنى تىزگىنلەيدىغان كۈچنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم، مەن بۇ كۈچنى رەزىللىك بىلەن ئورۇنسىز ئىشلەتتىم.

كېچىلىك تاماقتىن كېيىن، مەن قىمار ئويناشقا باشلىدىم. ئولىپ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇراتتى. مەن دا-دىللىق بىلەن دوغا چىقاتتىم. بۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمىدى. هايال ئۆتمەي مەن بىر ـ ئىككى يۈز لۇئى ئۇتتۇۋالدىم، ئۇ بۇ پۇللارغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قادىلىپ قاراپ تۇراتتى.

مەن پۈتۈن بىر ئاخشام ئۇتتۇپ چىقتىم ھەمدە ئۇنىڭ دو تىكىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇل بەردىم، مەن ئۇنى كۆ-زەتمەكتە ئىدىم.

تاڭ سەھەر سائەت بەشتە كۆپچىلىك بىز بىلەن خوشلاشتى. مەن بىنادىن چۈشمەي، بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم ـ دە:

— مەن سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن، — دېدىم.

ئارقىدىنلا، ئۇتتۇۋالغان 300 ئالتۇن تەڭگىنى

شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلىدىم.

— سىز نېمىشقا بۇنداق تەلەپنى قويىسىز؟

— ئاھ، تەڭرىم، چۈنكى سىزنى ياخشى كۆرسىمەن ئەمەسمۇ!

— ئىش بۇنداق ئەمەستۇ؟ سىز مارگارىتنى ياخشى كۆرگەچكە، مېنى ئاشنا تۇتۇش ئارقىلىق مارگارىتتىن ئۆچ ئالماقچى بولۇۋاتىسىز! ماڭا ئوخشاش ئاياللار ئالدام خالتىغا چۈشمەيدۇ جۇمۇ.

— ئۇنداقتا، رەت قىلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— سۆيۈملۈك ئولىپ، مەن ئەسلىدە بىرسى ئارقى- لىق قويىدىغان شەرتىمنى ئېيتىپ، بۇ 300 لۇئىنى سىزگە ئەۋەتكەن بولسام ياخشى بولاتتى، ئۇ چاغدا سىزمۇ ئۇنى ھەقىچان قوبۇل قىلاتتىڭىز، لېكىن مەن يەنىلا يۈزتۇرانە سۆزلىشىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم، ئېلىڭ! ئۆزىڭىزنى مەن بەك چىرايلىق دەيسىز، ئۇنداقتا، مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشۈممۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

مارگارىت ئولىپقا ئوخشاشلا بىر پاھىشە ئايال بول- سىمۇ، لېكىن مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدە ئۇنىڭغا دەيدىغان سۆزلىرىمنى قىلىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. مارگارىتنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ ئايالدا تې- پىلمايدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەر بار ئىدى. ھەتتا مەن بۇ ئايال بىلەن بۇ قېتىمقى سودىلاشقان چېغىمدىمۇ،

ئۇنىڭ قانچىلىك نازاكەتلىك، ساھىبجامال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن يەنىلا سودىلىشىشتا بۇ ئايالدىن تولىمۇ بىزار بولغانىدىم.

دېمىسىمۇ، ئۇ ئاخىرى مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى. چۈشتە مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققان چاغدا، مەن ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئاشنىسىغا ئايلىنىپ بولغانىدىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن مارگارىتقا ھەر سائەت ـ ھەر مىنۇتتا دەشنام بېرىپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئۇلىپ بىلەن مارگارىتمۇ قايتا كۆرۈشمەيدىغان بولدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق.

مېنىڭ يېڭىدىن ئاشنا تۇتقانلىقىم ھەققىدىكى خەۋەر ناھايىتى تېزلىك بىلەن تارقىلىپ كەتكەنىدى، مېنىڭ مارگارىتنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمگە فرىدانسىمۇ ئىشەنگەنىدى.

مارگارىت يا مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمدىكى غەرەزىمنى بىلىۋالدى، يا باشقىلارغا ئوخشاش ئالدىنىپ قالدى. بىراق مەن ئۇنى قەيەردە ئۇچراتماي، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ساماندەك سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم نەپرەتكە ئايلانغانىدى. مەن ئۇنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ راھەتلىنەتتىم.

مارگارىت ئاخىر تانسا ئويناشقىمۇ، تىياتىر

كۆرۈشكىمۇ بارمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ، ئۇ يەرلەردە ئۇ-لىپ بىلەن ئىككىمىزنى ئۇچرىتىپ قېلىشتىن قور-قاتتى. بۇ چاغدا مەن يۇزتۇرانە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش-نىڭ ئورنىغا نامىسىز خەت يېزىش ئۇسۇلىنى قوللانغا-نىدىم، ئەسكى ئىش بولسىلا، ھەممىسىنى مارگارىتقا دۆڭگەيتتىم.

مارگارىت بولسا، بۇ ئىغۋاگەرچىلىكلەر ئالدىدا بى-پەرۋا ئەمەس خاتىرجەم، ھاكاۋۇر ئەمەس غۇرۇرلۇق بو-لۇپ، ئۆزىنىڭ ماڭا قارىغاندا ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى، شۇنداقلا مېنى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئاغرىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

بىر كۈنى فرىدانس ماڭا مارگارىتنىڭ ئېغىر كې-سەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى، مېنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىمگە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى روھىي جەھەتتە بولسۇن ياكى جىسمانىي جەھەتتە بولسۇن، زا-دىلا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى جىددىي تۇستە ئېيتتى. نەتىجىدە، بىز ئاخىر كۆرۈشۈشنى قارار قىلدۇق.

مەن ئۆزۈمنىڭ مارگارىت بىلەن كۆرۈشىدىغانلى-قىمنى ئۇلىپقا ئېيتمىدىم، مەن ئۇلىپقا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتىم. ئەمما مەن ناھايىتى جىددىيلىشىپ قالغانىدىم، كاللام گادىرماش ئىدى. مارگارىت بىلەن كۆرۈشىدىغان ئاشۇ مىنۇتنى تەقەززالىق بىلەن كۈت-مەكتە ئىدىم، ھەتتا ئىشىكنى ئاچىدىغان پەيتتىمۇ

يىقىلىپ چۈشمەسلىكىم ئۈچۈن تامنى تىرىۋالدىم.

مارگارىت كەلدى.

ئۇ باشتىن ـ ئاياغ قارا كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، چۈمپەردە ئاستىدىكى يۈزلىرى بەئەينى ئۆلۈكنىڭ يۈزىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— مەن كەلدىم، ئارماند، — دېدى ئۇ، — سىز مېنى كەلسۇن دەپتىكەنسىز، مانا مەن كەلدىم.

ئارقىدىنلا ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، مېنىڭ ئاۋازىممۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى مەھكەم سىقىپ تۇتقان هالدا ئۆكسۈپ يىغلايتتى ۋە يىغىدىن ئۇنىڭ ئۇنى پۈتۈپ كەتكەنىدى. بىردەمدىن كېيىن مارگارىت تىنچلىنىپ، ماڭا:

— سىز مېنى قاتتىق ئازابقا قويدىڭىز، ئارماند، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ سىزگە يۈز كېلەلمىگۈدەك هېچقانداق يېرىم يوق ئىدىغۇ!

— يۈز كېلەلمىگۈدەك هېچقانداق يېرىڭىز يوقمۇ؟ — دېدىم مەن ئاچچىق كۈلكە بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ.

مەن ئىختىيارسىز هالدا ئۇنى سۆيدۈم، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ ئايالنى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، بەلكىم ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ياخشى

كۆرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— مېنىڭ قوللىرىمنى تۇتۇپ بېقىڭا! — دېدى مارگارېت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن قىزىۋاتىمەن، مېنىڭ تۆشەكتىن چۈشۈشۈم سىزدىن دوستلۇق تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن.

بۇ بىچارە ئايال ماھۇق پەلتوغا ئورىلىۋالغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ تۇراتتى.

— سىزنىڭچە، مەن ئازابلانمىغاندەك تۇرامدىمەن؟ — دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى سىزنى مەن ئاۋۋال سەھرادا كۈتتۈم، كېيىن يەنە پارىژغا كېلىپ ئىزدىدىم، مەن پارىژدا مېنى ساراڭ قىلىپ قويايلا دېگەن ھېلىقى بىر پارچە خەتنىلا تاپتىم. سىز مېنى نېمىشقا ئالدايسىز؟ مارگارېت، مەن سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىمەن ـ ھە!

مارگارېت ماڭا ئۆزىنىڭ مەندىن ئايرىلىش سەۋەبـ ـلىرىنى ئېيتقىلى ئۇنىماي، كېتىشنى باھانە قىلىپ تۇرۇۋالدى.

مەن ئۇنى توسۇۋالدىم، مەن بۇ ئايالغا ئۇچراپلا قالـ ـسام، پۈتۈن مۇھەببىتىم بىلەن پۈتۈن ئارزۇ ـ ھەۋەسلىـ ـرىم تىرىلىپ كېتەتتى.

— مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىمەن، بىز ئۆتكەندە بىر ـ بىرىمىزگە بەرگەن ۋەدىلىرىمىزدىكىدەك ئاشۇنداق

بەختلىك ياشايمىز.

— مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز، ئىتىڭىز ئەمەسمىدىم؟ — دېدى مارگارىت بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — سىز قانداق قىلىشنى خالىسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، مېنى ئەكېتىڭ! مەن سىزگە مەنسۇپ!

ئۇ پەلتوسىنى يېشىپ، باش كىيىمدىن باشقا نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ساپانىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، بىردىنلا كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يەشكىلى تۇردى، كېسەل سەۋەبىدىن ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قانلار باش تەرىپىگە قاراپ ئېقىپ، ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ بىر ھازاغىچە خىرقىراپ، قۇرۇق يۆتىلىپ كەتتى.

مەن ئۇنى باغرىمغا بېسىپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يەشتىم، ئۇ مىدىر - سىدىر قىلمايتتى، پۈتۈن بەدىنى مۇزدەك ئىدى، مەن ئۇنى قۇچاقلاپ ئاپىرىپ تۆشەككە ياتقۇزدۇم.

مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزۈمنىڭ مۇھەببىتى بىلەن ئۇنى ئىللىتىپ قويماقچى بولاتتىم. ئۇ لام - جىم دېمەستىن ماڭا قارىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ ياتاتتى.

ۋاھ، بۇ تازىمۇ كارامەت بىر كېچە ئىدى، مارگارىتنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئۇنىڭ مېنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشلىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەندەك ئىدى. مەن غايەت

زور خۇشاللىق بەخش ئەتكەن مۇھەببەت قاينىمىدا ئىدىم، مەن ئىلگىرى ئۇنى ئۆزۈمگە پۈتۈنلەي، مەڭگۈ مەنسۇپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ ـ يا دەپمۇ ئويلىغانىدىم.

تاڭ يورۇدى، مەن ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپ، مارگارىتقا:

ــ سىز مەن بىلەن بىللە كېتىشنى خالامسىز؟ پارىژدىن بىللە كېتەيلى، ــ دېدىم.

ــ ياق، ياق، ــ دېدى ئۇ ۋەھىمە بىلەن، ــ بىز كېيىن ئىنتايىن بەختسىزلەردىن بولۇپ قالىمىز، مەن ئەمدى سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىز ئۈچۈن ياقا يىرتالمايمەن. لېكىن تېنىمدە جېنىملا بولىدىكەن، مەن پۈتۈنلەي سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا، مەيلى كېچە ياكى كۈندۈز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز ماڭا ئېھتىياجلىقلا بولىدىكەنسىز كېلىۋېرىڭ، مەن سىزگە مەنسۇپ. پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ كېلەچىكىنى مېنىڭ كېلەچىكىمگە باغلاپ قويمىسىڭىزلا بولىدۇ. مەن ھازىر يەنىلا چىرايلىق قىز ھېسابلىنىمەن، مېنىڭدىن تازا ياخشى بەھرىمەن بولۇپ ھۇزۇرلىنىۋېلىڭ!

ئۇ كەتتى، مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ يېگانە ـ غېرىب ھېس قىلدىم.

مەن سائەت بەشتە ئانتان كوچىسىغا باردىم، نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

مارگارىتىنىڭ خىزمەتكارى ماگا گراف N نىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

رەشىك دەردىدە سارالڭ بولاي دەپ قالدىم، ئىچىمدە بۇ ئايال مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ، ئۇ تۈنۈگۈن ماگا دې- گەن گەپلەرنى هازىر گرافقىمۇ دەۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىم - دە، 550 فرانكلىق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ، بىرنەچچە قۇر خەت يېزىپ ئۇنىڭغا كىرگۈزدۈم. خەتتە مۇنۇلار يېزىل- غانىدى:

*«بۈگۈن ئەتىگەن سىز ئالدىراپلا كېتىپ قاپسىز، مەن سىزگە ھەق تۆلەشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مانا بۇ سىزنىڭ كېچىلىك مۇلازىمەت ھەققىڭىز.»*

سائەت ئالتە يېرىمدا، بىر خىزمەتكار ماگا بىر پارچە خەتنى ئەكىلىپ بەردى، خەتنىڭ ئىچىگە ھېلىقى خېتىم بىلەن پۇل سېلىنغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە مەن مارگارىتىنىڭ بولۇنېرغا كەتكەنلىكىنى، ئاندىن ئەنگلىيىگە بارىدىغانلىقىنى بىل- دىم.

ئەمدى پارىژدا تارتىشىدىغان ھېچنېمە قالمىغانىدى. مەن چارچاپ ھالىمدىن كەتكەنىدىم، شۇڭا، ھايال ئۆتمەي بىر دوستۇم بىلەن بىللە ساياھەت قىلغىلى كەتتىم.

مىسىردىكى ئالېكساندىرىيىدە، مەن ئىلگىرى مار- گارىتىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە قېتىم يۈز كۆرۈشكەن ئەل- چىخانا خادىمىنىڭكىدە بۇ بىچارە قىزنىڭ كېسەللىك

ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن مارگارىتقا بىر پارچە خەت يازدىم، ئۇ يازغان جاۋاب خېتىنىمۇ تاپشۇرۇۋالدىم. بۇنى سىز ئالىلىقاچان كۆردىڭىز.

مەن دەرھال يولغا چىقىپ قايتىپ كەلدىم، كېيىنكى ئىشلارنى مەن دەپ بەرمىسەممۇ، سىز ئۇلاردىن ئالىلىقاچان خەۋەر تاپتىڭىز.

سىز ھازىر ژيۇل دىيۇلار ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئاشۇ خاتىرىلەرنى ئوقۇپ كۆرىدىغانلا بولسىڭىز، بۇ مۇكەممەل ھېكايىدىن خەۋەر تاپالايسىز!

## 25

ئارماندىنىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن بۇ بايانى كۆز ياش تۆكۈش تۈپەيلى داۋاملىق ئۈزۈلۈپ تۇردى. ئۇ كۈندىلىك خاتىرىنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئىككى قولىدا بېشىنى چاڭگاللاپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

تۆۋەندە بايان قىلىنغانلار مەن كۆرگەن خاتىرىنىڭ مەزمۇنى:

*15 ـ دېكابىر*

*بۈگۈن 15 ـ دېكابىر ئاغرىغىنىمغا ئۈچ ـ تۆت كۈن بولۇپ قالدى. بۈگۈن ئەتىگەن تۆشەكتە يېتىپتىمەن. ھاۋا تۇتۇق، كەيپىياتىم ھەسرەتلىك، يېنىمدا ھېچكىم*

*يوق، مەن سىزنى سېغىنىدىم، ئارماندا سىز نەدە؟ بىراۋلار ماڭا سىزنى پارىژدىن تولىمۇ يىراقتا دېدى، بەلكىم سىز مېنى — مارگارىتنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. قىسقىسى، بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن. ھاياتىمدىكى ناھايىتى چەكلىك بولغان بىرمۇنچە خۇشاللىق مىنۇتلارنى سىز ئاتا قىلغان ئىدىڭىز.*

*مەن ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن، مەن ئۆتكەنكى بەزى ئىشلار ھەققىدە سىزگە بىر قۇر چۈشەنچە بەرمەكچىمەن. مەن سىزگە ئۆتكەندە بىر پارچە خەت يازغانىدىم، لېكىن بۇ خەتنىڭ پۈتۈنلەي يالغان دەپ قارىلىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن، پەقەت مەن ئۆلگەندىلا، پەقەت بۇ خەت تۇۋا - ئىستىغپار خېتى بولغاندىلا ئاندىن كىشىلەر بۇ خەتكە ئىشىنىدۇ.*

*بۈگۈن مەن ئاغرىپ قالدىم، مەن ئۆمرۈمنىڭ ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىنى ھامان ئالدىنئالا سېزىپ كەلمەكتىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۈن - تىنسىز ئۆلۈپ كېتىپ، سىزنىڭ ئۆزۈم توغرىسىدىكى بارلىق ئىشلاردىن خەۋەرسىز قېلىشىڭىزنى خالىمايمەن.*

*ئارماند! بۇجىۋاردىكى چېغىمىزدا، دادىڭىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ بىزنى قورقىتىپ جېنىمىزنى جاڭگالدا قويغانلىقى ھازىرمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ دادىڭىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ مېنى ئىختىيارسىز ۋەھىمىگە سالغانلىقى*

ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىدۇ؟ سىز بىلەن دادىڭىز ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى شۇ كۈنى ئاخشىمى ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىڭىزمۇ ئېسىڭىزدىدۇ؟

ئەتىسى، سىز دادىڭىزنى پارىژدا كۈتۈپ تۇرغان چېغىڭىزدا، بىر ئەر كىشى مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ، ماڭا دادىڭىز يازغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ بەردى.

بۇ خەتتە مېنىڭ ئەتىسى ئۆز ئۆيۈمدە ئۇنى كۈتۈۋېلىشىمغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، سىزنى بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن يولغا سېلىۋېتىشىم تولىمۇ قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن تەلەپ قىلىنغانىدى.

دادىڭىزنىڭ مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغان ئىشى بار بولۇپ، ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغانلىقىنى سىزگە ھەرگىز بىلدۈرۈپ قويماسلىقىمنى ماڭا ئالاھىدە تاپىلىغانىدى.

مېنىڭ ئەتىسى سىزنى پارىژغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ كېلىڭ دەپ چىڭ تۇرۇۋالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىدۇ؟

سىز كېتىپ بىر سائەتتىن كېيىن دادىڭىز يېتىپ كەلدى. دادىڭىزنىڭ كاللىسى پۈتۈنلەي كونا كۆزقاراشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ پاھىشە ئاياللارنىڭ ھەممىسى ۋىجدانسىز، ئەقىلسىز مەخلۇقلار، ئۇلار پۇل تاپىدىغان ماشىنا، ئۇلار ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئۆزلىرىگە نەرسە ـ كېرەك سۇنۇپ بەرگەن قوللارنى ئۈزۈپ

تاشلايدۇ، ئۆزلىرىنى پەرۋىش قىلغان ۋە رىغبەتلەندۈرگەن ئادەملەرنى قىلچە رەھىم قىلماي بىتچىت قىلىۋېتىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

دادىڭىز مېنى ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن سىلىق تەلەپپۇز بىلەن بىر پارچە خەت يازغان ئىكەن، لېكىن ئۇ كەلگەندىن كېيىن خېتىدە يازغاندەك ئۇنداق سىلىق بولمىدى، بەلكى كىشىنى ئانىي تېپىپ، هاكاۋۇرلۇق قىلدى، ھەتتا تېخى تەھدىتلىك تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى، ئاخىر بولماي مەن ئۇنىڭغا بۇ مېنىڭ ئۆيۈم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئوغلىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىمنى دېمەيدىغان بولسام، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشۇمنى دوكلات قىلىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

دىۋار ئەپەندى سەل ـ پەل ئۆپكىسىنى بېسىۋالدى، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ مەن ئۈچۈن خانىۋەيران بولۇشىغا قاراپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە سىز تولىمۇ چىرايلىقكەنسىز، لېكىن مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆسن ـ جامالىڭىزغا تايىنىپ خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىپ بەتخەجلىك قىلىپ، بىر ياشنىڭ ئىستىقبالىغا ئولتۇرماسلىقىڭىز كېرەك، دېدى.

مەن بۇ مەسىلىگە پەقەت بىرلا ئىش ئارقىلىق جاۋاب بېرەلەيتتىم. شۇڭا پەقەت دەلىل ـ ئىسپاتلارنى

قويۇپ، سىزگە ئاشنا بولغاندىن بۇيان سىزگە بولغان ساداقىتىمنى ساقلاپ قېلىش، شۇنداقلا يەنە سىزگە زى-ياده ئىقتىسادىي تەلەپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشلەردىن ئايانمىغانلىقىمنى چۈشەندۇردۇم. مەن رەنە تالونلىرى بىلەن نەرسە-كېرەكلەرنى ساتقاز-لىقىم توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى دادىڭىزغا كۆرسەت-تىم، مەن يەنە دادىڭىزغا سىز بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇش، ئەمما يۇكىڭىزنى ئېغىرلىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆي سەرەمجانلىرىمنى سېتىپ قەرز تۆلىگەنلىكىمنى ئېيتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئىككىمىزنىڭ بەختلىك تۇر-مۇش كەچۈرگەنلىكىمىزنى، سىزنىڭ ماڭا دېگەن گەپ-لىرىڭىزنى سۆزلەپ بەردىم، ئۇ ئاخىر چۈشىنىپ قول-نى ماڭا سۇندى، ئۆزىنىڭ ماڭا تۇتقان قوپال پوزىتسى-يىسى ئۈچۈن مەندىن كەچۈرۈم سورىدى.

— ئەمىسە، خانىم، — دېدى ئۇ ئارقىدىنلا ما-ڭا، — ئۇنداق بولسا، مەن سىزنىڭ مۇنداق بىر خىل قۇربان بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن، بۇنداق قۇر-بان بېرىش سىزنىڭ ئىلگىرى ئوغلۇم ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىرىڭىزدىنمۇ زور بولىدۇ.

— قىزىم، — دېدى ئۇ ئىككى قولۇمنى چىڭ سى-قىپ تۇرۇپ، سەمىمىي ھالدا، — مېنىڭ دېمەكچى بول-غان گەپلىرىمنى يامان تەرەپكە بۇرىماڭ، بىراق شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ھايات بەزىدە قەلب ئۈچۈن

رەھىمسىز كېلىدۇ. لېكىن بۇ بىر ئېھتىياج، ئۇنىڭغا چىدىشىڭىز كېرەك. سىز بەرگەن قۇربانلارنى مېنىڭ ئوغلۇم قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى جەمئىيەت سىزنى چۈشەنمەيدۇ، كىشىلەر سىز بەرگەن قۇربانلارنى قوبۇل قىلىشقا بەلكىم بەزىبىر شەرمەندىلىكلەر سەۋەب بولغان بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئائىلىمىزنىڭ شەنىگە داغ تېگىدۇ.

ئارماندىنىڭ سىزنى سۆيۈش ـ سۆيمەسلىكى، سىز-نىڭ ئارماندنى سۆيۈش ـ سۆيمەسلىكىڭىز بىلەن كى-شىلەرنىڭ كارى بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ پەقەت بىرلا ئىشقا كۆزى چۈشىدۇ، يەنى ئارماند قاراپ تۇرۇپ بىر پاھىشە ئايال بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ يۈردى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويماي سېتىۋەتتى دەپ قارايدۇ. دېمەك، سىلەر ئىككىڭلار مەڭگۈ چاقچىلى بولمايدىغان كىشەنگە بەند بولۇپ قالىسىلەر. ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ ياشلىقىڭلار غايىب بولىدۇ، ئوغلۇمنىڭ كې-لەچىكى نابۇت بولىدۇ، سىز تېخى ياش، چىرايلىق، ها-ياتلىق سىزگە تەسەللىي بولىدۇ، بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ، ئۆتمۈشتە قىلغان گۇناھلىرىڭىزنى يۇيۇپ كې-تەلەيسىز.

ئارماند سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇكى، ئۇ سىزنىڭ نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭىزگە يول قويمايدۇ. يەنە كېلىپ، نامرات تۇرمۇش سىزنىڭ گۈزەل

ھۆسن - جامالىڭىزغا زادىلا ماس كەلمەيدۇ. ۋاقتانىۋاق كەلگەندە، ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىشىنى كىم بىلىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ قىمار ئويناۋاتقانلىقىنى بىلدىم، ئۇنىڭ كاللىسى قىزىپ كەتكەندە، مېنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى جۇغلىغان دەپئى - دۇنيالىرىمنى ئۇتتۇرۇۋېتىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن، بۇ دەپئى - دۇنيالار بولسا بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئۈچۈن جۇغلانغان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەنكى ئاشۇ تۇرمۇشتىن مېھرىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۈزەلەيمەن دەپ كېسىپ ئېيتالمايسىز. ناۋادا مۇھەببەت خام خىيالى كەسپكە بولغان جاسارەتكە ئورۇن بېرىدىغان بولسا، سىلەرنىڭ مۇناسىۋېتىڭلار ئاشنىڭىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بەزىبىر توسالغۇلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. خانىم، سىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ كۆرۈشىڭىز كېرەك، سىز ئارماندىنى ياخشى كۆرىسىز. ئۇنداق بولسا، پەقەت مۇشۇ شەكىل ئارقىلىق، يەنى ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ مۇھەببىتىنى قۇربان قىلىش شەكلى ئارقىلىقلا، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىڭ!

ھازىر تېخى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. لېكىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئېھتىمال مەن

ئويلىغاندىنمۇ يامان بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئارماند سىزنى ئىلگىرى سىزنى سۆيگەن كىشىلەردىن كۆنلەشى، جېدەل چىقىرىشى، ئۇلار بىلەن دۇئېلغا چىقىشى، ئاخىردا تېخى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىمۇ مۇمكىن.

قىسقىسى، مەن ھەممىنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي، مېنىڭ ياش ۋە چىرايلىق بىر قىزىم بار، ئۇ پاك ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرگەن بىر يىگىتكە تەگمەكچى بولدى، بۇ يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىزنىڭ ئائىلىمىزنى ئۆزلىرىگە خىل كۆردى، لېكىن ئۇلار ئارماندنىڭ پارىژدىكى ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، ناۋادا ئارماند مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بۇ توينىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

دېمەك، بىر قىزنىڭ كېلەچىكى سىزنىڭ قولىڭىزدا تۇرۇپتۇ، سىزنىڭ ئۇنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىش ھوقۇقىڭىز بارمۇ؟

مەن ئۇنۇمنى چىقارماي، ئىچىمدە يىغلاشتىن باشقا ئامال قىلالمىدىم، كاللامدا ئىلگىرى ھەمىشە ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان بۇ ئىشلار ئالدىدا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. تېخى دادىڭىزنىڭ ماڭا ئېيتىشىنى بىئەپ دەپ بىلگەن «سەن پەقەتلا بىر پاھىشە ئايالغۇ» دېگەندەك گەپلىرىمۇ بار ئىدى. ئارماند، مەن سىزنى سۆيىمەن. ئۆز ئوغلىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ماڭا ئىلتىجا قىلىۋاتقان

بۇ ياشانغان ئادەمنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ قىزىغا مېنىڭ ئىسمىمنى بىر سىرلىق دوستىنىڭ ئىسمىدەك بىلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلۈم پەخىر ـ ئىپتىخار بىلەن تولۇپ تاشتى.

مەن دادىڭىزنىڭ تەلىپىگە شەرتسىز ماقۇل بولدۇم.

كېيىن مەن فرىدانسقا خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا گراف N نىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ ئىككىسى بىلەن بىللە كېچىلىك تاماق يەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئاخىردا دادىڭىز مېنى بىر قېتىم سۆيۈپ قويدى، مەن ئىككى تامچە مىننەتدارلىق يېشىنىڭ ماڭلىيىمغا تامغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

لېكىن مەن بەربىر ئايال كىشى ئىدىم، مەن سىزنى قايتا ئۇچراتقان چېغىمدا چىدىيالماي يىغلىۋەتكەن بولسامму، لېكىن يەنىلا ئىككىلەندىم.

مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ھاراق ئىچتىم، ئەتىسى ئويغانسام، گرافنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپتىمەن.

مانا بۇلار پۈتۈن ئىشنىڭ ھەقىقىي جەريانى، مېنى كەچۈرۈڭ ئارماند، خۇددى مەن سىزنىڭ ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ماڭا سالغان بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىڭىزنى كەچۈرۈۋەتكىنىمدەك كەچۈرۈڭ.

تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان ئاشۇ بىر كېچە ئۆتكەندىن

كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار سىزگە خۇددى ماڭا ئايان بولغاندەك ئايان، لېكىن بىز ئايرىلغاندىن كېيىن مەن چەككەن دەرد ـ ئەلەملەرنى سىز بىلمەيسىز، ھەتتا خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرەلمەيسىز.

مەن دادىڭىزنىڭ سىزنى ئاللىقاچان ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن مەن سىزنىڭ مەندىن ئايرىلىپ ئۇزاق ياشىيالمايدىغانلىقىڭىزغا ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمەيمەن، ھېلىقى كۈنى مەن سىزنى ئىپار قوۋالشىر كوچىسىدا ئۇچراتقىنىمدا تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم، لېكىن ھەيران قالمىدىم. ئاندىن كېيىن يەنە تالاي كۈنلەر ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە سىز ھەر كۈنى يېڭى قىلىقلارنى ئويلاپ چىقىرىپ، مېنى ھاقارەت قىلدىڭىز. بۇ ھاقارەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم دېسەم بولىدۇ، چۈنكى، بۇنداق ھاقارەتلەر سىزنىڭ مېنى باشتىن ـ ئاخىر ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنىڭ ئىسپاتى بولۇشتىن تاشقىرى، سىز مېنى قانچىلىك ئازابلىسىڭىز، سىز ئىشىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلگەن ئاشۇ كۈنى مەن سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە شۇنچە ئالىيجاناب كۆرۈنىدىغاندەك ھېس قىلدىم.

سىز مېنىڭ بۇنداق خۇشال روھىي غەلىبەمگە ھەيران قالماڭ، ئارماند! سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز مېنىڭ قەلب دەرۋازامنى ئاللىقاچان يۈكسەك ھاياجان دولقۇنلىرىغا قارىتىپ داغدام ئېچىۋەتتى.

لېكىن مەن بىردەمدىلا بۇنداق قەتئىيلىشىپ كەت-مىگەنىدىم، مەن سىز ئۈچۈن قۇربان بەرگەن كۈندىن تارتىپ سىز قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىنتا-يىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى، مەن ئۆزۈمنىڭ سارالڭ بولۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى مەشغۇل قىلىش ئۈچۈن، ئاشۇنداق تۇرمۇش قاينىمىغا چۆكۈپ كەتكەنىدىم، مەن جىسمانىي جەھەتتىكى ھارغىنلىقنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدىم. مەن خۇددى بايراملاردىكىدەك ھەننىۋا تانسا كېچىلىك بىلەن ھەننىۋا زىياپەتلەرگە ئىز-چىل قاتناشماقتا ئىدىم.

بۇنداق زىيادە شاد ـ شادىمانلىقتىن كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ بالدۇرراق ئۆلۈپ كېتىشىمنى ئۈمىد قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئارزۇيۇمنىڭ پات يېقىندا ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشىنەتتىم. مېنىڭ جىسمانىيىتىم بىلەن روھىيىتىم تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

ئارماند، مەن ئۆزۈمنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سىزگە دەلىللەپ بەرگەن چېغىمدا، سىزنىڭ ماڭا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىڭىزنى، يەنە بۇ ئايالنى — مېنى ھاقارەت قىلىپ پارىژدىن قانداق قوغلاپ چىقارغانلىقىڭىزنى قايتا ئېغىزغا ئالغۇم كەل-مەيدۇ.

بۇ ئايال سىزنىڭ بىر كېچە ئىرمىشىش ـ چىرمى-شىش توغرىسىدىكى تەلىپىڭىزنى رەت قىلالمىغان، ئۇ

بۇنداق قىلغاندا، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى تۇتاشتۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىغانىدى. ئارماند، سىزنىڭ قىلغان ئىشىڭىزنى يەنە قىلىش ھوقۇقىڭىز بار، باشقىلار مېنىڭ ئۆيۈمدە قونسا، ماڭا بېرىدىغان ھەققى بەزىدە تولىمۇ تۆۋەن بولىدۇ.

شۇڭلاشقا مەن ھەممىدىن ۋاز كەچتىم، ئولىپ گراف N نىڭ يېنىدا مېنىڭ ئورنۇمغا دەسسىدى. گراف G ھازىر لوندوندا، ئۇ ماڭا ئوخشاش بىر قىزنى پەقەت كۆڭۈل ئاچىدىغان ئەرمەك دەپلا قارايدۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى بىلەن ياخشى ئۆتكەن ئاياللار بىلەن ھەمىشە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنى ئىزدەپ باردىم، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى مېنى ئېلىپ كەتتى.

مەن جېنى يوق تەنگە، ئوي ـ پىكىرسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالدىم. مەن بىر مەزگىل مۈشۈنداق ھالەتتە ياشىدىم. كېيىن مەن يەنە پارىژغا قايتىپ كەلدىم، سىزنىڭ يىراقتا كەتكەنلىكىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن، مېنىڭ ھاياتىم سىز بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتتى.

مەن كېسەل بولۇپ يىقىلدىم، مەندە ئېلىشى بارلار قەرز سۈيلەپ ئۆيۈمگە يەنە كېلىشكە باشلىدى، ئارماند، سىز نېمىشقا پارىژدىن كەتتىڭىز؟

20 ـ دېكابىر

ھاۋا تولىمۇ قورقۇنچلۇق، قار يەنە ياغماقتا. مەن ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز. ئۈچ كۈندىن بېرى توختىماي قىزىتمام ئۆرلىمەكتە، بىر قۇرمۇ خەت يازمىدىم، دوستۇم، مەن ھەر كۈنى سىزدىن خەت كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدىم، لېكىن سىزدىن خەت كەلمىدى. پەقەت ئەرلەرلا باغرى تاشلىق قىلىپ، كىشىلەرنى كەچۈرمەيدىغاندىمۇ!؟

مەن توختىماي قان تۈكۈرىمەن، كېسەل خۇددى قار ـ مۇزلۇق زىمىستان قىشتەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ باغرىمنى يانجىماقتا. مەن بۈگۈن بىردەم ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېرىزىدىن تاشقىرىدىكى دۇنياغا نەزەر تاشلىدىم. كوچىدا بىرنەچچە تونۇش چىراي كېتىپ بارماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزەمگە قاراپ قويمايتتى. بىز ئالتە ئاي بىللە ھايات كەچۈردۇق، بىر ئايال قەلبىگە سىغدۇرالايدىغان ۋە باشقىلارغا بېرەلەيدىغان مۇھەببەتنى مەن سىزگە بەردىم. سىز يىراقتا تۇرۇۋاتىسىز، مېنى قارغاۋاتىسىز، مەن سىزنىڭ بىرەر ئېغىز تەسەللى سۆزىڭىزگىمۇ ئېرىشەلمىدىم، لېكىن سىزنىڭ مېنى مۇنداق تاشلىۋېتىشىڭىز تەقدىر ـ پېشانىدىن بولغان، مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، ناۋادا سىز پارىژدا بولىدىغان بولسىڭىز، مېنىڭ

تۆشىكىم بىلەن ئۆيۈمدىن نېرى كەتمىگەن بولاتتىڭىز.

25 ـ دېكابىر

دوختۇرۇم ھەر كۈنى خەت يېزىشىمغا يول قويماي ۋاتىدۇ. لېكىن مەن تۈنۈگۈن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەت مېنى ھۇزۇرلاندۇردى، بۇ خەتتە ئىپادە قىلىنغان ھېسسىيات مېنى ئۇ ماڭا ئېلىپ كەلگەن ماددىي ياردەمدىنمۇ بەكرەك سۆيۈندۇردى. خەت دادىڭىزدىن كەلگەن بولۇپ مۇنداق يېزىلغانىدى:

خانىم:

مەن سىزنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىڭىزدىن ھېلىراقتىلا خەۋەر تاپتىم. ناۋادا مەن پارىژدا بولغان بولسام، سىزنى ئۆزۈم يوقلاپ بارغان بولاتتىم، شۇنداقلا ئارماند يېنىمدا بولغان بولسا، ئەھۋالىڭىزنى ئۇقۇشۇپ كۆرۈشكە بۇيرۇغان بولاتتىم. لېكىن مەن ھازىر C شەھەردىن كېتەلمەيمەن، ئارماند بولسا ئالتە ـ يەتتە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇۋاتىدۇ. مېنىڭ سىزگە ئاددىي بىر پارچە خەت يېزىشىمغا ئىجازەت قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. خانىم، كېسەل بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى، كېسىلىڭىزنىڭ بالدۇرراق ساقىيىپ كېتىشىگە چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشمەن.

دوستۇم H ئەپەندى ئۆيىڭىزگە ئىزدەپ بارماقچى، كۈتۈۋالارسىز، مەن ئۇنىڭغا ماڭا ۋاكالىتەن بىر ئىشنى

بېجىرگەچ كېلىشنى ھاۋالە قىلغانىدىم، مەن بۇ ئىشـ
نىڭ نەتىجىسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتىمەن.

مانا بۇ دادىڭىز ئەۋەتكەن خەت، دادىڭىز تولىمۇ ئېـ
سىل بىر ئادەم ئىكەن، سىز ئۇنى ئۇبدان قەدىرلەڭ،
دوستۇم. چۈنكى، بۇ دۇنيادا ھەقىقىي سۆيۈپ قەدىرلەشكە
ئەرزىيدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس ئىكەن. بۇ خەت ئەڭ
مەشھۇر دوختۇر يازغان رېتسېپتىنمۇ كۆپ شىپالىق.

بۈگۈن ئەتىگەن $H$ ئەپەندى كەلدى. ئۇ ماڭا دادىـ
ڭىزغا ۋاكالىتەن ئاتايىن 1000 ئاڭگىست ئەكەپتۇ. دەسـ
لەپتە پۇلنى ئالغۇم كەلمىدى، لېكىن $H$ ئەپەندى ئەگەر
بۇ پۇلنى ئالمىسىڭىز دىۋار ئەپەندى خاپا بولىدۇ دېـ
گەچكە، قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. دىۋار ئەپەندى
ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىڭ، ئاندىن ئۇـ
نىڭ باشقا تەلەپلىرىنىمۇ قاندۇرۇڭ دەپ تاپشۇرما بەرگەن
ئىكەن.

مەن بۇ ياردەمنى قوبۇل قىلدىم، چۈنكى دادىڭىز
قىلغان بۇ ياردەمنى خەير ـ سەدىقە دەپ قارىغىلى بولـ
مايتتى. ناۋادا مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ئۇنىڭغا شۇنى
ئېيتىپ قويۇڭكى، ئۇ ياخشى نىيەت بىلەن خەت يېزىپ
ئەھۋال سورىغان ھېلىقى قىز بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ
ئۇنىڭغا بولغان تەشەككۇر ياشلىرىنى تۆكتى ھەمدە ئۇـ
نىڭ ئۈچۈن خۇداغا تائەت ـ ئىبادەت قىلدى.

4 ـ يانۋار

مەن يەنە ئۆزۈنغا سوزۇلغان دەرد ـ ئەلەملىك كۈن- لەرنى ئۆتكۈزدۇم، مەن جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەل- نىڭ كىشىنى بۇنداق ئازابلايدىغانلىقىنى ئەزەلدىن خى- يالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. ئاھ، ئۆتمۈشكە ئايلانغان ھاياتىم! بۈگۈنكى كۈندە مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىمەكتىمەن.

مېنىڭ بۇ بىچارە ئۆمرۈمنىڭ ئېشىپ قالغان كۈنلىرى قالايمىقان جۆيلۈش ۋە كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك يۆتىلىش ئىچىدە مانا مۇشۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۆي ئىچى دوستلىرىم مېنى يوقلاپ ئېلىپ كەلگەن مېۋە ـ چېۋە ۋە ھەر خىل سوۋغىلار بىلەن تولۇپ كەت- كەنىدى. بۇ كىشىلەر ئىچىدە كېيىن مېنى ئۆزلىرىگە ئاشنا قىلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان بەزى كىشىلەر- نىڭ بارلىقى ئېنىق ئىدى، لېكىن ئۇلار مېنىڭ كېسەل ئازابىدىن قانداق بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرسە چوقۇم قورقۇپ قېچىپ كېتەتتى.

فرېدانىس مەن تاپشۇرۇۋالغان سوۋغىلارنى ئىشلىتىپ سوۋغا بەرمەكتە ئىدى.

ھاۋا مۇز تۇتقۇدەك سوۋۇپ كەتتى، دوختۇر ماڭا ھاۋا ئىنرچىل مۇشۇنداق ئۇچۇق بولۇۋەرسە، بىر نەچچە كۈن

ئۆتكەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تالاغا چىقىپ، ئاز ـ تولا ماڭسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

8 ـ يانۋار

تۈنۈگۈن مەن پەيتۇنۇمغا ئولتۇرۇپ تالاغا چىقتىم. ھاۋا ئىنتايىن ياخشى ئىدى، ئىپار قوۋالشىر كوچىسىدا ئادەملەر قىمىلدايتتى، باھار ھەقىقەتەنمۇ بالدۇر كەلگەندى. مەن ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا كىشىنى تۈنۈگۈنكىدەك سۆيۈندۈرۈپ، كىشىگە ئىللىقلىق ۋە تەسەللى بېرىدىغان نەرسىلەرنى قايتا تاپالايدىغانلىقىمنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدىم.

مەن دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇچرىتىپ تۇراتتىم، ئۇلار ئىنزچىل تۇردە گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. بىر كۈنى ئاق كۆڭۈل بىر كونا تونۇشۇم مەندىن: «بىز بىلەن بىللە بېرىپ كەچلىك تاماق يەپ كېلىشنى خالامسىز؟» دەپ سوراپ، ئۆزىنىڭ بىر دوستىنىڭ مەن بىلەن تولىمۇ تونۇشقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم ـ دە، ئوتتەك كۆيۈپ قىزىۋاتقان قولۇمنى ئۇنىڭغا سۇندۇم، مەن ئۇنىڭكىدەك بۇنداق ھودۇققان چىرايىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

مەن سائەت تۆتتە ئۆيگە قايتىپ كەتتىم، كەچلىك تاماقنى خېلىلا ئوبدان يېدىم.

ناۋادا مېنىڭ كېسىلىم شىپا تېپىپ قالسا، نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە!

10 ـ يانۋار

كېسىلىمنىڭ شىپا تېپىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىش پەقەت بىر خام خىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۈگۈن مەن يەنە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. ئۆتكەن چاغلاردا نەچچە مىڭ تىللاغا ئەرزىيدىغان تېنىم ئەمدىلىكتە بەلكىم بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. ئاتا ـ بوۋىلىرىم چوقۇم گۇناھنى كۆپ ئۆتكۈزگەن بولسا كېرەك، بولمىسا كېيىنكى ئەۋلادلىرى شانۇشەۋكەتتىن قانغۇچە بەھرىمەن بولغان بولاتتى، شۇڭا قادىر تەڭرىم بىزنى بىر ئۆمۈر جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاشقا مەھكۇم قىلغان بولسا كېرەك.

12 ـ يانۋار

مەن تىنىماي ئازاب چەكمەكتىمەن.

گراف $N$ تۇنۇگۈن ماڭا پۇل بەردى، مەن ئالمىدىم، بۇ ئادەمنىڭ ھېچ نەرسىسىنى ئالمايمەن، نەق ئاشۇ كىشىنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن سىز مېنىڭ يېنىمدىن

كېتىپ قالغان.

بىزنىڭ بۇجىۋاردا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىز نەقەدەر گۈزەل ـ ھە!

ناۋادا مەن يەنىلا ھايات بولىدىغان بولسام، چوقۇم بىز ئولتۇرغان ئاشۇ ئۆينى تاۋاپ قىلىپ كېلىمەن.

ئەتىلىككە يەنە سىزگە خەت يازالايمەنمۇ ـ يوق، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

25 ـ يانۋار

11 كۈن بولدى، كېچىچە خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم، ئىچىم سىقىلىپ نەپەس ئالالمايۋاتىمەن. ئۆزۈمنى ھەر سائەت ـ ھەر مىنۇتتا ئۆلۈپ قالىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن.

مەن ئۆلۈشتىن ئىلگىرى سىز كېلەلەرسىزمۇ؟ بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز راستتىنلا ئۈزۈلدىمۇ؟ سىز كېلىدىغانلا بولسىڭىز، كېسىلىم ياخشى بولۇپ كېتىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن.

28 ـ يانۋار

بۈگۈن ئەتىگەن مەن بىر ھازاغىچە داۋام قىلغان قىيا ـ چىيادىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. مەن ژيۇلنىڭ بىرمۇنچە ئەركەكلەر بىلەن جېدەللىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم، بىر ھازادىن كېيىن ئۇ يىغلىغان پېتى

قايتىپ كەلدى.

ئۇلار ئۆيدىكى نەرسىلەرنى پىچەتلىگىلى كەلگەن ئىكەن، ئىجرائىيە سوتچى مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى، ئۇ مېنىڭ بارلىق تارتمىلىرىمنى ئېچىپ، كۆ-رۈنگەنلا نەرسىنى تىزىملىغىلى تۇردى، بەختىمگە يارە-شا، قانۇن رەھىمدىل بولغاچقا، مېنىڭ كارىۋىتىمنى پېچەتلىمىدى.

ئۇ كېتىدىغان چاغدا ھەر ھالدا ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەن توققۇز كۈن ئى-چىدە قارشى پىكىر بەرسەم بولىدىكەن، لېكىن ئۇ ماڭا بىر كۆزەتچىنى قويۇپ كەتتى، ۋاي خۇدايىمەي، مەن ئا-خىر نېمىگە ئايلىنىپ قالدىم ـ ھە؟!

فرىدانس دادىڭىزنىڭ دوستلىرىدىن ئاززاق پۇل ئالماقچى بولدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا قارشى تۇردۇم.

مېنىڭ كېسىلىم ئېغىرلىشىپ كەتتى.

30 ـ يانۋار

مەن بۈگۈن سەھەردە سىزدىن كەلگەن خەتنى تاپ-شۇرۇۋالدىم، مەن بۇ خەتكە تەقەززا بولغىلى خېلى بول-غانىدى، سىز مېنىڭ جاۋاب خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالا-لارسىزمۇ؟ مەن بىلەن يەنە يۈز كۆرۈشەلەرسىزمۇ؟ بۇ كۈن بىر بەختلىك كۈن بولدى، ئۇ مېنىڭ ئالتە

ھەپتىدىن بىرى مەن تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىمنى ئىسىمدىن كۆتۈرۈۋەتتى، مەن ئۆزۈمنى ساقىيىپ قال-غاندەك ھېس قىلماقتىمەن.

ئىنسان مەڭگۈ بەختسىز بولۇۋەرمەيدىغاندۇ ـ ھە!

مەن تېخى يەنە، بەلكىم ئۆلمەسمەن، بەلكىم ئۇ قايتىپ كېلەر، بەلكىم ئۇ مېنى يەنىلا ياخشى كۆرەر، بەلكىم بىز يەنە ئۆزىمىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى يېڭىۋاشتىن باشلارمىز دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

مەن راستىنىلا ساراڭ بولۇپ قالدىم، مەن ئۆزۈمە-نىڭ قالايمىقان ئوي ـ پىكىرلىرىمنى قەغەزگە چۈشۈ-رۈۋاتقان ئاشۇ قەلەمنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغاندەكلا قىلاتتىم.

مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ھامان سىزنى يەنىلا شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى، ناۋادا بۇنداق مۇھەببەتنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ تۇرتكىسى بولمىغان بولسا، مەن بەلكىم بۇ دۇنيادىن ئاللىبۇرۇنلا كەتكەن بولاتتىم.

4 ـ فېۋرال

گراف $G$ كەلدى، ئۇنىڭ ئاشنىسى ئۇنى ئالداپ قوي-غان ئىكەن، ئۇ تولىمۇ ئازابلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ بىچارە يىگىتنىڭ كەسپىي ئىشلىرى تازا ئەپلەشمەي قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىجرائىيە سوتچىغا پۇل بەردى ۋە كۆزەتچىنى يولغا سېلىۋەتتى.

مەن ئۇنىڭغا سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم، ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىم توغرىسىدا سىز بىلەن سۆزلىشىشكە ماقۇل بولدى. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاشىنىسى بولغانلىقىمنى قاراپ تۇرۇپلا ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ ياخشى ئىدى.

گېرتسوگ تۇنۇگۈن مېنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىمنى ئۇقىلى ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن، بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزى كەپتۇ، مەن بۇ بوۋاينىڭ قانداق ياشاۋاتقىنىنى بىلمەيمەن. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا ئۈچ سائەت تۇردى، لېكىن ماڭا بىرەر - يېرىم ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىرنەچچە تامچە ياش قۇيۇلدى، ئۇ چوقۇم قىزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئويلاپ يىغلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈشىنى كۆرۈش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى.

ئۇ مېنى ئەيىبلەيدىغان بىرەر - يېرىم ئېغىز سۆزمۇ قىلمىدى.

ھاۋا يەنە بۇزۇلغىلى تۇردى، مېنى يوقلىغىلى ھېچكىم كەلمىدى. فرىدانس بولسا ئۇنىڭغا ئۆتكەندىكىدەك نۇرغۇن پۇل بېرەلمىگىنىم ئۈچۈن، ئىشىم بار دېگەننى باھانە قىلىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلمەس بولۇۋالدى. پەقەت ژيۇللا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

دوختۇرلارنىڭ قانداق دېيىشىدىن قەتئىينەزەر،

مېنىڭ ھايات شامىم ئۆچەي دەپ قالغانىدى.
ھەممىگە قادىر تەڭرىمدىن بىسوراق قىل تەۋرىمەيدۇ.

5 ـ فېۋرال

ھوي، تېز كەلمەمسىز، ئارماند! مەن تولىمۇ قىيىنىلىپ كەتتىم، پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. تۈنۈگۈن مەن تولىمۇ غەمگە چۆمگەنىدىم، مېنىڭ ئۆيدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان كېچىنى ئۆتكۈزگۈم كەلمەي كەتتى. بۇ كېچە خۇددى ئىلگىرىكى كېچىلەردەك ئۇزۇن ئىدى.

گەرچە مەن قاتتىق قىزىپ تۇرساممۇ، باشقىلارنىڭ ياردىمىدە كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى كىيىپ، پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ھېلىقى تىياتىرخانىغا باردىم. ژيول يۇزلىرىمگە ماي، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ قويىدى، بولمىسا مەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈككە ئوخشاپ قالغانىدىم. مەن سىز بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن ئايىرىمخانىغا بېرىپ، سىز ئاشۇ كۈنى ئولتۇرغان ئورۇنغا قادىلىپ قاراپ كەتتىم. ھازىر ئۇ ئورۇندا بىر سەھرالىق تومپاي ئولتۇرۇۋېلىپ، ھاياسىزلارچە قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى.

كىشىلەر مېنى ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىدا، مەن نىمجان بولۇپ قالغانىدىم. تۈن بويى يۆتىلىپ، قان تۈكۈرۈپ چىقتىم. بۈگۈن مەن گەپمۇ قىلالمايۋاتىمەن، بىلىكىمنى كۆتۈرەلمەيلا قالدىم، ئاھ تەڭرىم! تەڭرىم! بۇ

دۇنيالىقىم شۇنچىلىك ئوخشايدۇ. مەن ئەسلىدىنلا ئۆ-
لۈمنى ئويلاپ تۇرغانىدىم، لېكىن مەن بۇنداق چىدىغۇ-
سىز ئازابلارغا قالىمەنغۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم. ناۋادا.....

(مۇشۇ سۆزدىن باشلاپ مارگارىت زورۇقۇپ يازغان
خەتلەرنى ئوقۇغىلى بولمىدى. داۋامىنى ژيۇل دىپۇلار
ئۇلاپ يازغانىدى.)

*18 ـ فېۋرال*

*ئارماند ئەپەندى:*

*مارگارىت ئويۇن كۆرگىلى بارىمەن دەپ چىڭ تۇر-
غان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ كېسىلى بارغانسېرى
ئېغىرلاپ، زۇۋانى تۇتۇلۇپ كەتتى، كەينىدىنلا پۇت ـ
قوللىرىنى قىمىرلىتالماي قالدى. بىزنىڭ بۇ بىچارە
دوستىمىز تارتىۋاتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تىل بىلەن ئى-
پادىلىگىلى بولمايتتى، مەن بۇنداق ئازابنى تارتىپ باق-
مىغانلىقىم ئۈچۈن، قورقۇنچ ئىچىدە قالدىم.*

*ئۇ توختىماي جۆيلۈمەكتە، لېكىن مەيلى بىھوش
بولسۇن ياكى ھوشى جايىدا چاغلىرىدا بولسۇن، بىر ـ
ئىككى ئېغىز سۆز قىلالىسىلا، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى
توختىماي تۇۋلايدۇ.*

*دوختۇر ئۇنىڭ ھېچقانچە ۋاقتى قالمىغانلىقىنى
ئېيتتى. ئۇ سەكراتقا چۈشكەندىن كېيىن، قىرى*

گېرتسوگ ئىككىنچىلەپ قايتا كەلمىدى.

دىۋىرنوۋانىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلى قارا ئىكەن. بۇ ئايال ئەزەلدىن پوتونلەي مارگارىتقا تايىنىپ دېگۇدەك ياشايتتى، ئۇ مارگارىتتىن پۇل ئوندۇرۇۋالغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى، لېكىن ئۇ مارگارىتنىڭ ئۆزىگە ئەمدى ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، مارگارىتنىڭ ئىشىكىگە ئاياغ باسماس بولدى.

ھەممىلا ئادەم مارگارىتنى تاشلىۋەتتى. گراف G قەرز دەستىدىن لوندونغا كېتىپ قالغانىدى. كېتىدىغان چاغدا، ئۇ بىزگە ئازراق پۇل ئەكېلىپ بەردى. ئۇ مارگارىت ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. لېكىن پېچەتلىگۈچىلەر يەنە كەلگەنىدى، قەرز ئىگىلىرى مارگارىتنىڭ مال ـ مۈلكىنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتمەكتە.

تۈنۈگۈن قولىمىزدا تىيىننىڭ سۇنۇقىمۇ قالمىغاچقا، قاچا ـ قومۇچ، زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى ۋە مۈردىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى گۆرۈگە قويدۇق، قالغان بۇيۇملار يا سېتىۋېتىلدى، يا پېچەتلىنىپ كەتتى. مارگارىت ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى يەنىلا تۇيۇپ ياتاتتى. ئۇ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردە توختىماي غايەت زور ئازاب چەكمەكتە، پۇرچاقتەك ـ پۇرچاقتەك ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ تامچىلىماقتا. ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، جۇدەپ كەتتى، سىز ئۇنى كۆرەلىسىڭىزمۇ،

لېكىن ئۇنىڭ بۇرۇن سىز تولىمۇ ياخشى كۆرگەن كىد-
شىنىڭ رۇخسارى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالىسىز.

مەن ئۇنىڭغا ئۇ ئۆزى خەت يازالمايدىغان بولۇپ
قالغاندا، سىزگە خەت يېزىپ بېرىشكە ماقۇل بولغانىدىم.
مەن هازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خەت يېزىۋاتىمەن. ئۇنىڭ
كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن، لېكىن ئۇنىڭ كۆز نۇرىنى
كېلىۋاتقان ئەجەل توسۇۋالغانىدى، ئۇ يەنىلا كۈلۈمسىد-
رىمەكتە، مەن شۇنى جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئۇنىڭ روهى
سىزنىڭ تېنىڭىزدە ئىدى.

19 ـ فېۋرال يېرىم كېچە

بۈگۈن نەقەدەر ئېچىنىشلىق بىر كۈن بولدى، هە!
بىچارە ئارماند ئەپەندى، ئەتىگەندە مارگارىتنىڭ نەپىسى
بوغۇلۇپ قالدى، دوختۇر ئۇنىڭغا قان بەرگەندىن كېيىنلا
ئۇ ئۇنىنى سەل ـ پەل چىقىرالىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا سان
روك چېركاۋىنىڭ پوپىنى چاقىرىپ بەردى. شۇ چاغدا،
مارگارىت مېنى كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ، ماڭا
كىيىم ئىشكاپىنى ئاچقۇزۇپ ۋە بىر باش كىيىم بىلەن
چەت ـ چۆرىسىگە پۇتۇنلەي چىلتەك تۇتقان بىر ئۇزۇن
كۆڭلەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

—— مەن توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنلا
ئۆلىمەن، شۇ چاغدا سەن بۇ نەرسىلەرنى ماڭا كىيگۈزۈپ
قوي، —— دېدى.

ئارقىدىن ئۇ مېنى يىغلاپ تۇرۇپ قۇچاقلىدى.

— مەن سۆزلىيەلمەيدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ يە-نە، — سۆزلەۋاتقان چېغىمدا يۈرىكىم ئېغىپ، تۇنجۇقۇپ قالغاندەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

كۆز يېشىم يامغۇردەك تۆكۈلدى، دېرىزىنى ئېچىۋەتتىم، ئۇزۇن ئۆتمەي پوپ كىرىپ كەلدى، ئۇ ئۆيدە ئۇزاق تۇرمىدى، يېنىپ چىققان چاغدا، ئۇ ماڭا:

— ئۇ تىرىك چېغىدا بىر گۇناھكار بەندە ئىدى، ئۆلگەن چېغىدا بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە خىرىستىئان مۆرىتى بولدى، — دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي پوپ يەنە كەلدى. ئۇنىڭغا مۇناجات ئوقۇش ئەترىتىدىكى كىرېست كۆتۈرۈۋالغان بىر بالا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە چېركاۋ خىزمەتكارى قوڭغۇراق چېلىپ، بۇ دۇنيادىن كەتكۈچى-نىڭ ئائىلىسىگە تەڭرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېتىپ باراتتى. مىسسىئونېر مارگارىتنىڭ پۇتلىرىغا، قوللىرىغا ۋە ماڭلايلىرىغا مۇقەددەس ماي سۈرۈپ، بىر ئابزاس ئايەت ئوقۇدى، مارگارىت شۇنىڭ بىلەن باقى ئالەمگە مېڭىشقا تەييارلاندى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، قىمىرلاپمۇ قويمىدى، مەن ئۇنى ھەتتا بىرنەچچە قېتىم ئۆلۈپ قالدىمۇ ـ نېمە دەپ قالدىم.

*20 ـ فېۋرال چۈشتىن كېيىن سائەت بەش*
*ھەممە نەرسە ئاياغلاشقانىدى.*

*مارگارىت يېرىم كېچە سائەت ئىككى بولغاندا بىھوش ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ھەتتا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كارىۋاتتىن تىككىدە تۇرۇپ كېتىپ، خۇددى چىقىپ كېتىۋاتقان جېنىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلدى.*

*ئۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چاقىراتتى، كېيىن ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ كارىۋاتقا يىقىلاتتى، ئۈن ـ تىنسىز ياش تۆكەتتى.*

*شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ھايات چېغىدا ماڭا تاپشۇرغانلىرى بويىچە، ئۇنى كىيىندۈردۈم ـ دە، سان روك چېركاۋىغا مىسسىئونېرنى ئىزدەپ باردىم.*

*مەن مارگارىتقا ئاتاپ ئىككى تال شام ياقتىم ۋە ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ چېركاۋدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدىم.*

*مەن ئۇنىڭ ئېشىپ قالغان ئازراق پۇلىنى كەمبەغەللەرگە خەير ـ سەدىقە قىلىپ بەردىم.*

*مەن ئۆزۈم قىلغان دۇئا ـ تىلاۋەتنىڭ چىنلىقىغا، ئۆزۈم قىلغان خەير ـ سەدىقىنىڭ ھالاللىقىغا، تەڭرىنىڭ مارگارىتقا رەھىم ـ شەپقەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.*

*22 ـ فېۋرال*
*بۈگۈن مارگارىتنى دەپنە قىلىدىغان كۈن. ئۇنىڭ*

*نۇرغۇن ئايال دوستلىرى چىركاۋغا كەلدى، بەزىلىرى كۆز يېشىمۇ قىلدى، مېيىت ئۇزاتقۇچىلار سېپىدە پەقەت ئىككىلا ئەركەك بار بولۇپ، بىرى گراف G ئىدى، ئۇ ئاتايىن لوندوندىن كەلگەنىدى، يەنە بىرى گېرتسوگ بولۇپ، مۇدۇرلۇپ ئاران كىتىۋاتقان گېرتسوگنى ئىككى خىزمەتكار يۆلىۋالغانىدى.*

*مەن مارگارىتنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، بۇ جەريانلارنى كۆزۈمگە ياش ئالغان هالدا تەپسىلىي خاتىرىلىۋالغاندىم. مېنىڭ ئاغزىمغا گىياھ سالمىغىنىمغا بىر سوتكا بولغانىدى. چىراغ يورۇقى ئاستىدىكى بۇ كەچلىك تاماقنى مەن بىر چىشلەممۇ يېيەلمىدىم.*

*مەن ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى سىز قايتىپ كەلگەن چاغدا ئېيتىپ بېرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم.*

## 26

— كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئارماند مەن قوليازمىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن.

— ناۋادا مېنىڭ كۆرگەنلىرىم راست بولسا، دوستۇم، مەن سىزنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ئازابلىرىڭىزنىڭ قانداق ئازابلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

بىز بۇ ئاللىقاچان ئاياغلاشقان دەھشەتلىك ھېكايىلەر

ھەققىدە يەنە بىر ھازا سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم.

ئارماند توختىماي ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ ھېكايىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، سەل يەڭگىللەپ قالدى. كېيىن بىز بىللە بېرىپ فىردانس بىلەن ژيۇل دىيۇلارنى يوقلاپ كەلدۇق.

فىردانس ۋەيران بولغانىدى، ئۇ بىزنى كۆرۈش بىلەنلا:

— مېنى مارگارىت ۋەيران قىلىۋەتتى، مارگارىت كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن نۇرغۇن پۇل قەرز ئالغانىدى، ئۇ بۇ پۇللارنى قايتۇرۇپ بەرمەيلا ئۆلۈپ كەتتى، دېدى. ئۇ يەنە ئارماندتىن 1000 فرانك ئالدى، ئارماند بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيتتى، لېكىن راستلىقىغا ئىشەنگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى خالايتتى.

ژيۇل دىيۇلار خېنىم بىزگە ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پاجىئەلىك ئىشلارنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ دوستى مارگارىتنى ئەسكە ئالغاندا، كۆزلىرىدىن سىمىمىيلىك ياشلىرىنى تۆكتى.

ئاخىردا بىز مارگارىتنىڭ قەبرىسىگە بىرلىكتە باردۇق، قەبرىگاھلىقتىكى يېشىل دەرەخلەر بىخ چىقارغانىدى.

ئارماندنىڭ ئەڭ ئاخىردا بېجىرىشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئىشى بار ئىدى، يەنە ئۇ مېنى ئۆزىگە ھەمراھ

بولۇپ، دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىشىپ بېرىشىمنى ئۆمىد قىلاتتى.

بىز يەنە C شەھەرگە بىللە باردۇق، مەن دىۋار ئەپەندىنى كۆردۈم، ئۇ خۇددى ئارماند تەسۋىرلەپ بەرگەندەك ئېگىز بولۇپ، كۆرۈنۈشى سۇرلۇك، ئەمما مىجەزى مۇلايىم ئادەم ئىدى.

ئۇ بەختكە چۆمگەن هالدا، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە ئارماندنى قارشى ئالدى ۋە مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى بلانش ئىدى، كۆزلىرى نۇرلۇق، قاراشلىرى يارقىن بۇ قىزنىڭ ۋەزمىن لەۋلىرى ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى پاك ـ مۇقەددەس ئىدىيىلەرنى نامايان قىلىپ تۇراتتى، ئاكىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە پارلاپ تۇراتتى. بۇ پاك قىزچاق پەقەت ئۆزىنىڭ نام ـ شەرىپىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن يىراقتىكى بىر پاھىشە ئايالنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى قۇربان قىلغانلىقىنى ئازراقمۇ بىلمەيتتى.

مەن پارىژغا قايتىپ، بۇ ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن ھېكايىنى يېزىپ چىقتىم.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، پاھىشە ئايالـلارنىـڭ قايغۇسى بىلەن خۇشاللىقى، ۋىسال شادلىقى بىلەن ھىجران ئازابى تەسۋىرلەپ يېزىلغان مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمىسىمۇ، پەقەت «چۈغلۈق قىز» رومانىلا دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشىپ، مىليونلىغان ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەتتى. بۇ رومان 1848 ـ يىلى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دەرھاللا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. رومانىنىڭ ئاپتورى كىچىك ديوما ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە كەينى ـ كەينىدىن ئون نەچچە پارچە ھېكايە يازغان بولسىمۇ، لېكىن «چۈغلۈق قىز» غا ئوخشاش تەسىر قوزغىيالمىدى. شۇڭا ئۇ «چۈغلۈق قىز» نى دراماغا ئۆزگەرتىپ 1852 ـ يىلى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، يەنە بىر قېتىم زىلزىلە پەيدا قىلدى ۋە «ئۆرپ ـ ئادەت تىياتىرى» نىڭ باشلامچىسى دەپ ئاتالدى. كېيىنكى يىلى ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر كومپوزىتورى ۋېردى «چۈغلۈق قىز» نى ئوپېراغا ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئوپېرا يەنە بىر مەزگىل دەۋران سۈرۈپ، ياۋروپا، ئامېرىكا، ھەتتا دۇنيادىكى باشقا ھەرقايسى مەملىكەتلەرگە تارقىلىپ،

جاھانغا مەشھۇر ئوپېرالارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. «چۆغلۇق قىز» نىڭ تەسىرى بۈنىڭلىق بىلەن تېخىمۇ كېڭەيدى.

روماندىن دىرامىغىچە، دىرامىدىن ئوپېراغىچە بولغان ئۈچ خىل ئەسەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆچمەس بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ بەلكىم دۇنيادىكى بىردىنبىر ئەدەبىيات ھادىسىسى بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا بۇ يەنە بىر تەرەپتىن «چۆغلۇق قىز» ئەسىرىنىڭ تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھېنرى باتائى مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: «‹چۆغلۇق قىز› بىزنىڭ ئەسىرىمىزنىڭ قىزى، خۇددى مالۇن[1] 18 ـ ئەسىرنىڭ قىزى بولغىنىغا ئوخشاش.»

زولا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «كىچىك ديوما ئەپەندىنىڭ بىزگە قايتا كۆرسىتىپ بەرگىنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر تەرىپى ئەمەس، بەلكى پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە تولغان شادلىق بايرىمى....»

پەقەت «چۆغلۇق قىز» لا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىر ناتۇرالىزمچىلارنىڭ ۋەكىلى گوڭگۇر كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىچىك

① مالۇن رېسىت ـــ 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە يازغۇچىسى پوپ پېرىخىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت تېمىسىدىكى ھېكايىسى. ئايال باش قەھرىمان مالۇن ھەم شاللاق، ھەم خالىس، ھەم ساداقەتسىز، ھەم سۆيۈملۈك بولغان مۇرەككەپ بىر ئوبراز.

دىوما قالتىس تالانتلىق ئادەم، ئۇ تىككۇچىلىك زاۋۇتىدىكى ئايال ئىش بېشىنى، پاھىشە، ئەخلاقسىز كىشىلەر قاتىلىمىدىكى ئەر ـ ئاياللار ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرگە سۆزلەپ بېرىشكە ئۇستا. كىچىك دىوما ئۇلارنىڭ شائىرى، ئۇنىڭ ئىشلەتكىنى ئاشۇلار چۈشىنىدىغان تىل بولۇپ، ئۇ ئۇلارنىڭ دائىمىي پاراڭلىرىنى غايىۋىلەشتۈرىدۇ.» ھەتتا لېۋ تولستويمۇ كىچىك دىوماغا بەك قايىل ئىدى: «كىچىك دىوما ئەپەندى ھېچقانداق مەزھەپ ـ گۇرۇھقا تەۋە ئەمەس، ھېچقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. ئۇ ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى خۇراپاتلىقلارنىڭ ھەرقاندىقىغا قىزىقمايدۇ، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كۆزەتكەندە، پىكىر قىلغاندا، ھازىرنىلا كۆرۈپ قالماستىن، كېلەچەكنىمۇ كۆرەلەيدۇ.» يۇقىرىقى يازغۇچىلار كىچىك دىومانىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي خاھىشىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ تەرەپلەر «چۈغلۇق قىز» دا ئالاھىدە ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

كىچىك دىوما كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەرنى چوڭقۇر پاش قىلمىغان. «چۈغلۇق قىز» رومانىمۇ تەنقىدىنىڭ چوڭقۇر بولغانلىقىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمەس. فرانسىيە تەنقىدچىسى ياك ۋوتلان «چۈغلۇق قىز» نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىرنى ئىككى تەرەپتىن تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ

كۆرسىتىدۇ: بىرىنچىدىن، «رومانىنىڭ بۇنداق زور ئەكس سادا قوزغىيالىشىغا ئۇنىڭدا بىرلا ۋاقىتتا بىر ئايالنىڭ ھەقىقىي پورتىرتى بىلەن بىر ئەركەكنىڭ چىن مۇ- ھەببىتى سۈرەتلەپ بېرىلگەنلىكى تۈپ سەۋەب بولالماي- دۇ». ئىككىنچىدىن، «ئاپتور ئەسەردە قىسقا ـ ئىخچام سۆز ـ جۈملىلەرنى ئىشلىتىش، ئېرىنمەي تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق، تەسۋىر ـ بايانلار تەبىئىي بولۇش مەقسىتىگە يەتكەن.» ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى تولىمۇ مۇ- ۋاپىق بولىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئەتراپلىق بولمىغان جاي- لىرى بار.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، «چۈغلۇق قىز» مۇھەببەت توغرىسىدىكى رومان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، رومان تۇرمۇشتىن كەلگەن ھەم يازغۇچىنىڭ تاۋلىشىدىن ئۆت- كەن، تۇرمۇشتىن تېخىمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ ياكى ئاپتور تەرىپىدىن پوئېزىيىلىك تۈسكە ئىگە قىلىنغان. روماندىكى ئەر، ئايال باش قەھرىمانلار سەممىي ھېس- سىياتقا باي قىلىپ يېزىلغان.

مارگارىت ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەشەمەتلىك تۇر- مۇشىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولۇپ، ھەممىلا جايدا سۆيگەن كىشىسى ئۈچۈن ئويلايدۇ، سۆيگەن كىشىسى- نىڭ بىر تىيىن پۇلىنىمۇ ئارتۇق خەجلەشكە كۆزى قىيمايدۇ؛ پەيتۇن، زىبۇزىننەتلىرى، مۈرىلىكلىرىنى سېتىۋېتىش ياكى رەنىگە قويۇشقا رازى بولىدۇكى،

سۆيگەن كىشىسىنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئۆزى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەكمۇ ياكى سۆيگەن كىشىسىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ توي ئىشى ھەققىدە باش قاتۇرۇش كېرەكمۇ دېگەندەك تاللاش قىيىن بولغان مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، مارگارىت قەتئىي تۈردە ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، سۆيگىنىنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ھەتتا سۆيگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ئايرىلىدىغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئەتەي يوشۇرۇپ، سۆيگىنىنىڭ قوپاللىق بىلەن، يولسىزلارچە ھاقارەتلىشىگە تاقەت قىلىدۇ. ئاپتور پېرسوناژلار تىلى ئارقىلىق خورسىنىپ: «ئۇ بەجايىكى ئەڭ ئالىيجاناب ئايالغا ئوخشاش بىغۇبار. باشقىلار قانداق ئاچكۆز بولسا، ئۇ شۇنداق خالىس» دەيدۇ. ئۇ يەنە «ھەقىقىي مۇھەببەت ئادەمنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، بۇنداق مۇھەببەتنى قوزغىغان ئايالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر» دەيدۇ. ئاپتور مارگارىتنىڭ مۇھەببىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەيدۇ.

ئارماند بولسا مارگارىتنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق - بىقارار بولۇپ قالىدۇ - دە، ھېچكىمنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمايدۇ، ئەسلى - ۋەسلىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىدىنمۇ قورقمايدۇ، تېخى ئانىسىدىن قالغان مىراسلارنى مارگارىتقا ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي تەقدىم

قىلىۋېتىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلىدىن سۆيـ-
گىنىنىڭ غېرىبانە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئەسلا خالىـ-
مايدۇ. چۈنكى، بۇنداق هايات كەچۈرۈش سۆيگىنىنىڭ
گۈزەل قىياپىتىگە ماس كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە
ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك كۈندەشلىكمۇ ئۇنىڭدىكى مۇهەبـ-
بەتنىڭ چوڭقۇر ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇ تاكى مارگارىت
ئۆلۈپ قارا تۇپراق قوينىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ
ئامال قىلىپ ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئاچقۇزۇپ، سۆيگەن
كىشىسىنىڭ دىدارىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالىدۇ.
بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇنىڭ مۇهەببىتى تولىمۇ مۇكەمـ-
مەل دەرىجىگە يەتكەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى
شۇكى، مارگارىتنىڭ كۆڭلىنى رام قىلغىنى ئارماندىنىڭ
سەممىيلىكى بىلەن ھېسداشلىق تۇيغۇسىغا باي قەلـ-
بى. مارگارىت ئارماندقا مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى سىز
مېنىڭ قان قۇسقانلىقىمنى كۆرۈپ قولۇمنى سىقىۋالـ-
دىڭىز، چۈنكى سىز يىغلىدىڭىز، چۈنكى بۇ دۇنيادا پەـ-
قەت سىزلا ماڭا ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلىسىز»، يەنە
كېلىپ، «سىز مېنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى
مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرىسىز. باشقىلار بولسا ئەزەلدىن
پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈنلا مېنى ياخشى كۆرۈشكەندى.»
بۇنداق يېزىش بىر پاھىشىنىڭ بىر ئەركەككە ئىشەنچ
باغلىشى ۋە مەھلىيا بولۇشىدا قىلچە زورلاشنىڭ
يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ مۇهەببىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئاـ-

ساسقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چىن ـ ھە-
قىقىي ئىگەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

سىلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مارگارىت تولىمۇ تولغان
ئوبراز، بىر تەرەپتىن، كىچىك ديوما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى
پاھىشىلارغا خاس ئادەتلەر، ھەشەمەتخورلۇق، شاللاقلىق
ئىللەتلىرى، شۇنىڭدەك ھەمىشە ھاراقنى بولۇشىچە ئى-
چىۋېلىپ غەرق مەست بولىدىغان، ئۆزىنى كونترول
قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەتلىرىنى يامان ئالمايدۇ. مار-
گارىت چىرايلىق كىيىم ـ كېچەك، پەيتۇن ۋە بىرىلىيانت-
لارنى ياخشى كۆرگەچكە، بۇلار ئۈچۈن دوزاخقا سەكرەش-
كىمۇ تەييار تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كىچىك ديوما
بۇنداق تىپتىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا
چوڭقۇرلاپ كىرىپ، مارگارىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى دەپسەندە
قىلىشى «رېئاللىقنى ئۇنتۇش ئېھتىياجىدىن» بولغان،
ئۇنىڭ ئۇزلۇكسىز ھالدا ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شۇغۇل-
لىنىشى ئۆپكە كېسىلىنى داۋالاتماي، ھاياتى بىلەن
تېزرەك خوشلىشىش ئۈچۈن ئىدى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ
جەمئىيەتكىمۇ تىز پۈكمەي قارشى تۇرىدۇ، مەسىلەن، ئۇ
تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان كىشىلەرنى كولدۇرلىتىشنى
ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى، «ئۇلار ھەر كۈنى ئۆزلىرى بىلەن
ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ ھاقارىتىگە چىداشقا مەجبۇر
بولىدۇ، بۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاشۇ ھاقارەتلەر ئۈچۈن
ئېلىنغان قىساس ئىدى». مارگارىت قەھر ـ غەزەپ بىلەن

مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەمدى ئۆزىمىزگە تەۋە ئەمەس، بىز ئەمدى ئادەم ئەمەس، نەرسە. ئۇلار ئىززەت ـ غۇرۇر ئىز-دىگەن چاغدا، بىز ئالدى رەتكە تىزىلىمىز، ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە موھتاج بولغان چاغدا، بىز ئارقا رەتكە چۈشۈپ قالىمىز.» بۇ — پاھىشىلەرنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرى ئۈستىدىن قىلىنغان دادىل شىكايەت. ئۇ گەرچە ناھايىتى زور خەج ـ خىراجىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ـ تۆت چوڭ ئاقسۆڭەك بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقا موھتاج بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۈچرىغانلىكى ئادەم بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماي، تاللاپ مۇناسىۋەت قىلىدۇ.

ئۇ گراف N . D نى قەتئىي رەت قىلىپ، تولىمۇ قوپاللىق قىلىدۇ، قىلچىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمايدۇ. شۇ-ڭا، ئارماند بۇ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدا مەلۇم ساپ نەرسىلەر بار ئىكەن دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ «گەرچە ھاياسىز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساپ، بىغۇبار»، «بۇ پاھىشە ئايال ئىنتايىن ئاسانلا ئەڭ ئىشقىۋاز، ئەڭ ساپ، پاك قىزغا ئايلىنالايدۇ». تېگى ـ تەكتىدىن ئېيت-قاندا، پارىژدىكى تۇرمۇش ئۇنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاش تۇگۇل، ئۇنى بىزار قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ باشتىن ـ ئا-خىر ھەقىقىي مۇھەببەت مەنزىلىنى ئىزدىمەكچى بولى-دۇ. قىسقىسى، مارگارىتنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى تولىمۇ ئەقىلغا مۇۋاپىق يېزىلغان. يازغۇچىنىڭ ھاقا-

رەتلەنگەن، شىكەستلەنگەن بۇنداق كىشىلەرگە نىسبەتەن كىشىلەردىن چەكسىز كەڭ قورساق بولۇشنى تەلەپ قىلىشى تەبىئىي هالدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق قوللىشىغا ئېرىشىدۇ.

كىچىك ديومانىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتىكى ئۇستىلىقى يەنە ئايال باش قەھرىمان ئۆلگەندىن كېيىن، جامائەت پىكرىنىڭ مۇشۇنداق پاھىشە ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تەسۋىرلەشتە كۆرۈلىدۇ. ئۇ قەبرىستانلىقتا قارىغۇچى ئارقىلىق ئاشۇ ساختا مۆتىۋەرلەرنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى پاش قىلىدۇ: «ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا قاتتىق قايغۇرسىمۇ، ئەزەلدىن ياش تۆكمەيدۇ». ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسى يېنىغا بىر پاھىشە ئايالنىڭ كۆمۈلۈشىنى خالىمايدۇ. تېخىمۇ نەپرەتلىنەرلىكى شۇكى، ھېلىقى ھۆپىگەرلەر ئەسلىدە مارگارىتنىڭ ئىپپەت ـنومۇسىنى سېتىش ھاياتىدا پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن پۇل ئۇندۇرۇۋالغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ سەكراتقا چۈشكەندە، ئۇلار گۇل چاپلانغان قەرز ھۆججەتلىرىنى كۆتۈرۈشۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ تۇرالغۇسى بىلەن بارلىق نەرسىلىرىنى پېچەتلەپ، ئۇنى قەرزنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. مارگارىت ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ قەرز ۋە ئۆسۈملەرنى سۈيلەپ، ئۇنىڭ

بۇيۇملىرىنى كىمئارتۇق قىلىپ سىپتىشقا ئالدىرىشىدۇ. مارگارىت هايات ۋاقتىدا بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن بولسىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىن بىر نام ـ نىشانسىز كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ: «بۇنداق ئايالىلارنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى كوچا ـ كويلاردا پىتنە ـ پاساتلارنى قانچە پەيدا قىلسا، ئۇلارنىڭ دۇنيادىن ئۆتۈشى شۇنچە ساداسىز ـ دەبدەبىسىز بولىدۇ.» مانا بۇنداق تەسۋىرىي سۆزلەر ئەسەر ئۇچۇن ئارتۇقچە سۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇۋاپىق ئۆرپ ـ ئادەت تەسۋىرلىرى بولۇپ، بۇ، مۇھەببەت رومانىدا ئاز ئۇچرايدىغان ئېسىل جۈملىلەردىن ئىبارەت.

ئەسەردە ئارماند دىۋارنىڭ ئوبرازىمۇ خېلى ساددا، جانلىق يېزىلغان، ئالدى بىلەن، بۇ پېرسوناژغا ئىسىم قويۇشتا كىچىك ديوما خېلىلا باش قاتۇرغان، ديوما ئالېكساندىر (Alexandre) ۋە ئارماند (Duval) (Armand) لارنىڭ بىرىنچى ھەرپلىرى ئوخشاش. ئاپتور ئەر باش قەھرىمان بىلەن ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە ھەم ئوخشاشلىق، ھەم پەرق بارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك قىلىدۇ. دىۋارنىڭ ئاسان ھاياجانلىنىدىغانلىقى خۇشخۇيلۇقى، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى، ھە دېسىلا ئاچچىقلىنىدىغانلىقى، كۆندەشلىكى ۋە ئاقىۋەت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان قارام مىجەزى، ئويلىماي ئىش قىلىدىغان قىلىقلىرى ئەسەرنىڭ ئۇنۇمىنى كۈچەيتىپ، تېخى كىشىلىك دۇنيانى چوڭقۇر بىلىپ يەتمىگەن

قىزنىقان بىر ياشنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن. ئاپتور ئەسەردە ئارماندنى يىغلاڭغۇ قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، بۇمۇ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ئادەتكە ماس كېلىدۇ. ئەر كىشىلەرگە خاس بۇنداق ئاجىزلىق بىلەن ئىشقىۋازلىق ئۇنىڭ مارگارىتنىڭ ئۆلۈمى ئېلىپ كەلگەن زەربىگە چىدىيالماي، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇ-غانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مارگارىتنىڭ ھايات چېغىدا ئۆزىنى دادىل ئوپېراتسىيە قىلغانلىقى بىلەن سېلىش-تۇرما قىلىپ، مەسخىرىلىك بىر كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلىسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقىقىي ئەھۋال ئىدى.

ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پېرسوناژلار ئىچىدە ئارماند دىۋارنىڭ دادىسى بىلەن فرىدانسنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. دىۋار ئەپەندى ئەينى چاغدىكى بۇرژۇئازىيە سى-نىپىنىڭ ئەخلاق كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئوغ-لۇم تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان ئىكەن، دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭ ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەس-ئۇلىيىتىم بار دەپ قارايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ ئوغ-لىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى قىزىنىڭ ياتلىق بولۇ-شىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ ـ دە، مەسىلە تولىمۇ ئېغىرلىشىپ، تەخىرسىز ھالدا مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. روشەنكى، ئۇ قابىلىيەتسىز كىشىلەردىن ئەمەس، بۇنى ئۇنىڭ C شەھىرىنىڭ باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلىكىدىن

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇ ئوغلىغا قارىغاندا كۆپ تەجرىبىلىك، پىششىقان بولۇپ، قاتتىق سۆزلەر بىلەن ئوغلىنى رايىدىن ياندۇ- رالمىغاندىن كېيىن، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ يول- ۋاسىنى تاغدىن چۈشۈرۈش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، ئوغ- لىنى كەتكۈزۈۋېتىپ، مارگارىت بىلەن يالغۇز سۆزلى- شىدۇ ۋە ئۇنىڭغا پايدا بىلەن زىيان مۇناسىۋىتىنى ئې- نىق ئۇقتۇرىدۇ. «سىلەر ئىككىڭلار بىر زەنجىرگە چىلك باغلانغانلار، سىلەر ھەرقانداق قىلىپمۇ بۇ زەنجىرنى ئۈزەلمەيسىلەر.... ئوغلۇمنىڭ كېلەچىكى ۋەيران بول- دى.... بىر قىزنىڭ ئىستىقبالى سىزنىڭ قولىڭىزدا تۇرۇپتۇ، ئۇ سىزگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان.» بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يوللۇق گەپلەر بولۇپ، مارگارىتنى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدۇرىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىچىك ديوما دې- ۋارنى سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلىمەيدۇ، روماندا تەكرار ـ تەكرار ھالدا: «ئۇ دورۇس، يېقىن ـ يىراقتا مەشھۇر، جاھاندا ئەڭ ھۆرمەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئا- دەم» دەپ يېزىلىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە ئائىلە باشلىقى بولغۇچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇددى دېۋار ئەپەندىگە ئوخشاش ھەرىكەت قوللىنىشى ئېنىق ئىدى. لېكىن كىچىك ديوما رېئالىزم پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، دېۋار ئەپەندىنىڭ

ئەمەلىيەتچىلىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تازا يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈپ يېزىپ، ئوغلى ئارماندنىڭ قىزغىن، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، پايدا ـ زىيان بىلەن ھېسابلاشمايدىغان مىجەزى بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، دىۋار ئەپەندى پاھىشىلەر ۋاپاسىز، ئەقىل ـ ئىدراكسىز كېلىدۇ، ئۇلار پۇل چىقىرىدىغان ماشىنا دەپ قارايدۇ، بۇنداق قاراش ئارماندنىڭ قارىشى بىلەن بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى قاراشتۇر. كىچىك دىيومانىڭ پېرسوناژلار ئۈستىدىكى باھاسى ناھايىتى يوشۇرۇن بولۇپ، ھۆكۈمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چىقىرىشىغا تاپشۇرىدۇ.

فرىدانسقا كەلسەك، ئۇ ئەينى يىللاردىكى بىر پاھىشە، بۈگۈنكى كۈندە تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ ئايال خوجايىنى، ئايال باش پېرسوناژنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان قوشۇمچە پېرسوناژ. كىچىك دىيوما ئۇنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق چۆكۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ بۇرۇنقى جەزىبىدارلىقىنى يوقىتىپ، ھۆسن ـ جامالىنى بازارغا سالالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، دەۋران سۈرۈۋاتقان پاھىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ، ئارىدىن پايدا ئالىدۇ.

ئۇنىڭ مارگارىتقا بولغان دوستلۇقى قۇللارچە تىز پۈكۈش دەرىجىسىگە يېتىدۇ، لېكىن قىلىپ بەرگەن ھەربىر ئىشى ئۈچۈن ھەق ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئارماندقا مارگارىتنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋالماسلىق ھەققىدە

بەرگەن مەسلىھەتى قارىماققا يوللۇقتەك بىلىنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ مارگارىت بۇنىڭدىن كېيىن گېرتسوگ بىلەن گراف D. N نىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى-دىن قۇرۇق قالسا، ئۆزۈمنىڭمۇ پۇل تېپىش يولۇم تو-سۇلۇپ قالىدۇ دەپ تەشۋىشلىنىدۇ. مارگارىت سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇ قىلچە شەپقەت قىلماي، مارگارىت-نىڭ يېنىدىن كېتىپ قالىدۇ. كىچىك ديوما يەنە ئۇنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي باشقىلارغا نازۇكەرەشمە قىلى-غانلىقىنى يازىدۇ. مۇشۇلار ئارقىلىق ئاپتور فرىدانس بىلەن مارگارىتنىڭ ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بارلىقى، ئۇلارنىڭ بىر تىپتىكى پېرسوناژلار ئەمەسلىكىنى كۆر-سىتىپ بېرىدۇ.

قۇرۇلما جەھەتتىن ئېيتقاندا، «چۆغلۇق قىز» رو-مانىدا ۋەقەلىكلەر زىچ باغلىنىشلىق، تەبىئىي يېزىلغان. ئاپتور بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنى تەتۈر بايان ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىرىنچى شەخس تىلىدا يازغان، ئەر ـ ئايال باش قەھرىمانلارنىڭ ئۇچرىشىشى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلارنىمۇ ئەگرى ـ توقاي قىلىپ تەسۋىرلىگەن، ۋەقەلىكتە يۈز بەرگەن تو-يۇقسىز ئۆزگىرىشلەرنى ئەقلىغا ناھايىتى مۇۋاپىق ئو-رۇنلاشتۇرغان.

تراگېدىيە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە بىر قېتىم يىرىكلىشىش يۈز بەرگەن.

ھېكايىنىڭ يېزىلىشى قىزىقارلىق، لېكىن روماندا يې-زىلغىنىدەك، تەپسىلاتلار ئاددىي ـ ساددا، ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىيات جەريانى تەبىئىي. بۇ، «چۈغلۇق قىز» روما-نىنىڭ ئەڭ روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكىدۇر.

رومانىنىڭ شاخلاپ كەتكەن جايلىرى يوق، ئىنتايىن ئىخچام يېزىلغان، مانا بۇمۇ رومانىنىڭ ئاددىي بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپە-تىنى تەسۋىرلەش بىلەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالى-تىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق پېرسوناژلارنى ئوبراز يارى-تىش، جانلىق، ئەينەن، راۋان، تەبىئىي دىئالوگلار، ئىك-كىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پېرسوناژلارنىڭ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلىدىغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرى قاتارلىق بەدى-ئىي ۋاسىتىلەرنى ئاپتور تولىمۇ تەبىئىي قوللانغان. بۇمۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېرى.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

كىچىك ديومانىڭ ھاياتى ۋە كەچۈرمىشلىرى «چۈغ-لۇق قىز» نىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىۋاستە مۇ-ناسىۋەتلىك. كىچىك ديوما چوڭ ديوما بىلەن بىر بىنادا تۇرىدىغان تىككۈچى ئايال ئىشچى كاترىنانىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىسى ئىدى. تاكى 1831 ـ يىلىغا كەلگەندىلا

چوڭ ديوما ئۆزىنىڭ بۇ ئوغلىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. 1839 ـ يىلى كىچىك ديوما پوخان ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، دادىسى كەچۈرگەن شاللاق تۇرمۇش-نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بىكار تەلەپ، بەتخەج بايۋەچچە-لەردەك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

1842 ـ يىلىدىن باشلاپ، كىچىك ديوما دادىسىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇ ئاشنا ئىزدەپ، قىزلارنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ. 1844 ـ يى-لىنىڭ بىر كۈنى، ئۇ بىر سىرلىق قىزنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ، ئۇ قىز ئۈچىسىغا باشتىن ـ ئاياغ ئاق كىيىم، بېشىغا ئىتالىيىنىڭ چىغ قالپىقىنى كىيىۋالغانىدى. بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز ئۇچرىشىش دەل ۋورد تىياتىر-خانىسىغا يېقىن سودا ئورنىدىكى مەيداندا ئىدى. بۇ ئا-يالنىڭ ئىسمى مارى دېفۇلېس، ھەقىقىي ئىسمى ئارفېنسىنا فۇلېس ئىدى. بۇ ئايالنى باشقىلار بېقىۋال-غان بولۇپ، ئۇنىڭ بايلار ۋە جەمئىيەتتىكى مەشھۇر شەخسلەرگە تۇتقان شاللاق پوزىتسىيىسى، ئۇنىڭدىكى جەزبىدارلىق ۋە سىرلىق ھىد كىچىك ديومادا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. شۇ يىلىنىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى كىچىك ديوما سىرك ئويۇنى تىياتىرخانىسىدا ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا دې سىتاكېبىرگ ئىسىملىك ياشانغان بىر باي ئادەم ھەمراھ بولۇپ كەل-گەنىدى. كىچىك ديوما ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ئايالنىڭ

ئاشىنىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئىككىيلەن چوڭقۇر ۋە سەمىمىي مۇھەببەتكە چۆمىدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كىچىك دىيومانىڭ ئۇنىڭغا خەجلىگەن پۇلى ھەسسىلەپ كۆپىيىۋېرىدۇ، ئاخىردا ئۇ قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا قەرزى 50 مىڭ فرانكقا يېتىدۇ. كىچىك دىيوما ھېچقانداق مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئەھۋال ئاستىدا، بۇ پۇل ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ پۇل ھېسابلىناتتى.

1845 ـ يىلى يازدا، كىچىك دىيوما مارى دىفۇلېس بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتىنى ئۈزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مارى باشقىلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. كىچىك دىيوما ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ ـ دە، چوڭ دىيومانىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن «ياشلىق جىنايىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى كىچىك دىيوما يەنە «تۆت ئايال ۋە بىر شاتۇتى ھەققىدە ھېكايە» نى يازغانىدى. 1846 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، مارى دىفۇلېس لوندونغا كېلىپ، گراف دې فىلىيگىرگە يوشۇرۇن تېگىدۇ. لېكىن مارى دىفۇلېسنىڭ تېنى تو- لىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەچكە، بادېنغا بېرىپ داۋالىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا ئاتا ـ بالا دىيومالار ئىسپانىيە- دىكى كادىسقا ساياھەتكە بارىدۇ. مارىي 1847 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى پارىژدا 23 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. گراف

دې ستاربېرگ بىلەن گراف دې فىلىيگمر جەسەت ساندۇقىنى تەڭ كۆتۈرۈپ، ئۇنى مىنىمارتېر قەبرىستانلىقىغا قويىدۇ، ئۇنىڭ جەسەت ساندۇقى ئۈستىگە چۈغلۈق گۈللىرىنى چېچىپ قويىدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كىچىك ديوما جەنۇبتىكى مارسېلدا بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلايدۇ، ئۇ پارىژغا يېتىپ كەلگەندە دەل مارى دىفۇلېسنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلىۋاتاتتى ۋە قەبرىسىنى يۆتكەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىن گېرماندىكى ئاق تۇلپار مېھمانخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ، بىر ئاي ئىچىدىلا «چۈغلۈق قىز» نى بىراقلا يېزىپ پۈتتۈرىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، مارى دىفۇلېس روماندىكى ئايال پېرسوناژنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەسلىي تىپى. ئەر باش پېرسوناژ ئارماند دىۋار ئاپتورنىڭ ئۆزىنى ئەسلىي تىپ قىلغان. «چۈغلۈق قىز» نى ئاپتورنىڭ تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسىرى دېيىشكە بولىدۇ.

مارىنىڭ پاجىئەسى پەقەت ئەينى چاغدىكى پارىژ يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك، چىرىك تۇرمۇشىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى. بۇ ئالىي دەرىجىلىك پاھىشىلەر كۆرۈنۈشتە ئاجايىپ سۆلەتلىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلار فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئويۇنچۇقىدىن ئىبارەت، خالاس.

بۇ ۋەقە كىچىك ديوماغا تولىمۇ قاتتىق تەسىر

قىلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق بولۇشىغا ئىككىيلەننىڭ ئىلـ-
گىرى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكى سەۋەب بولۇپلا
قالماي، بەلكى كىچىك ديومانىڭ بۇ بەختسىز مەشھۇر
ئايالنىڭ ئۆلۈمىنى يەككە - يىگانە ۋەقە سۈپىتىدە ئە-
مەس، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىـ-
تىدە ئۆتكۈرلۈك بىلەن ھېس قىلغانلىقى سەۋەب بول-
غان.

كىچىك ديوما مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ئاشۇ
بىچارە ئانىسىنى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رەھىمسىز-
لىك ۋە ناھەقچىلىكلەرنى ئېسىگە ئالدۇ، تېخىمۇ چىد-
داپ تۇرغىلى بولمايدىغىنى شۇكى، كىشىلىك تۇرمۇشتا
بۇنداق پاجىئەلەر يەنە كۆپىنچە بەلگىلىك ئەخلاقىي
ئۆلچەملەرنى قوغداش نامىدىكى دەبدەبىلىك باھانە - سە-
ۋەبلەر ئاستىدا پەيدا بولغان.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

مارگارىت گىدىئەي: مارگارىت گىدىئەي ئەسلىدە
بىر سەھرالىق قىز بولۇپ، پارىژغا كەلگەندىن كېيىن
پاھىشىلىك ھاياتىنى باشلاپ، بىر مەھەل تازا داڭق
چىقارغان. ئۇ تىياتىرخانىدىكى ھەر قېتىملىق تۈنجى
مەيدان ئويۇنغا چوقۇم كېلەتتى، ئۇنىڭ چۈغلۇقتىن
باشقا ھېچقانداق گۈل كۆتۈرۈۋالمايدىغانلىقىنى كۆرگەن

خالايىق ئۇنى «چۆغلۇق قىز» دەپ ئاتاشقاندى. كېيىن ئۇ ئۆپكە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت داۋالانغان بولسىمۇ ساقايمايدۇ. ياشانغان گېرتسوگ مارگارىتنىڭ تەقى ـ تۇرقى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن قىزىغا بەك ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تۇتۇق قىز قىلىۋالىدۇ. مارگارىت ئارماند دىۋار ئىسىملىك بىر ياش يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ ـ دە، ئارماندنىڭ سەمىمىي مۇھەببىتى مارگارىتنىڭ هاياتقا بولغان ئىشتىياقىنى ئويغىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئارماند بىلەن يېڭىچە هاياتنى باشلىماقچى بولىدۇ. مارگارىتنىڭ خەج ـ خىراجىتى تولىمۇ كۆپ بولۇپ، ئارماند ئۇنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قىمار ئوينايدۇ ھەمدە ئانىسىدىن قالغان مىراسنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئارماندنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىنى دەپ مارگارىت بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئارماندتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. مارگارىت پارىژغا قايتىپ كېلىپ، يېڭىۋاشتىن ئىلگىرىكى ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى باشلايدۇ. ئارماند ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەچكە، بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپ مارگارىتقا هاقارەت قىلىدۇ. ئارماند كەتكەندىن كېيىن، مارگارىتنىڭ كېسىلى يامانلىشىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئۆلگەندىن كېيىن، مارگارىتنىڭ بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرى قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن كىمئارتۇق

قىلىنىپ سېتىۋېتىلىدۇ.

ئارماند دىۋال: پارىژغا تىرىكچىلىك قىلغىلى كەلـگەن ياش يىگىت بولۇپ، ئۇ مارگارىتنى بىر كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ساپ مۇھەببىتى بىلەن مارگارىتنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىدۇ. ئارماند ھېچقانداق كىشىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، ھەتتا خانىۋەيران بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ پەقەت مارگارىت بىلەن بولغان مۇھەببىتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭلا كويىدا بولىدۇ. ئارـماند ھەمىشە ئۆپكىسىنى بېسىۋالالماسلىق ۋە كۈندەشـلىك تۈپەيلى مارگارىت بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ، كېيىن يەنە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئارماند ئىچكى ئەھۋالنى بىلمىگەچكە، مارگارىتنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ پارىژغا يەنە قايتىپ كەتكىنىگە ھەم ئېچىنىدۇ، ھەم نەپرەتلىنىدۇ. ئارماند ئويلىنىپ تۇرمايلا مارگارىتتىن ئۆچ ئېلىپ، ئۇنىڭغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زور زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ، كېيىن يەنە قەھر ـ غەزەپكە كېلىپ باشقا جايغا كېتىدۇ ـ دە، ئۆمۈرۋايەتلىك پۇشايمانغا قالىدۇ. مارگارىت ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋېلىش مەقسىـتىدە ئارماند قەبرىنى ئاچقۇزىدۇ ۋە ئازاب دەستىدىن ئاغرىپ ھاياتى قىل ئۈستىدە قالىدۇ، كېيىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ھېكايىنى بىر ئاق كۆڭۈل كىشىگە

سۆزلەپ بېرىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«چوغلۇق قىز» مۇھەببەت توغرىسىدىكى بىر رومان بولۇپ، ئۇنىڭدا فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى مار- گارىت گېدىئەي ئىسىملىك داڭلىق پاھىشە ئايال بىلەن ئارماند دىۋار ئىسىملىك بىر ياش يىگىتنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى بايان قىلىنغان. رومان تەتۈر بايان ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، مارگارىت ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلىدۇ، بىراۋ ئۇنىڭ بىر پارچە رومانىنى سېتىۋالىدۇ، رومان ئىچىگە يېزىل- غان بىر بېغىشلىما ئاستىدىكى ئارماند دىۋار دېگەن ئىمزادىن رومانىنىڭ باش پېرسوناژلىرىنىڭ بىرى بولغان ئارماند دىۋار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كېيىن ئارماند بىرىنچى شەخس تىلىدا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەيدۇ، شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن رومان ۋەقەلىكى قانات يايىدۇ.

بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ ئەدەبىي ئەھمىيىتى بىلەن بەدىئىي قىممىتى شۇ يەردىكى، ئاپتور ئىنسان تەبىئىتىنى بوغۇپ، مۇھەببەتنى نابۇت قىلىدىغان ئا- شۇنداق ساختا ۋە رەھىمسىز ئەخلاق كۆزقاراشلىرىنى تەنقىد قىلىپ ۋە قامچىلاپ، باش قەھرىمانىنىڭ قەلبى- نىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئەلەملىك

چۈقانلىرى ئارقىلىق تەنقىد سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ئېيتقاندا، «چۈغلۇق قىز» نىڭ سۇژىتى زىچ، بىجىرىم بولۇپ، كىشىگە ئۇ بىراقلا يېزىپ پۈتتۈرۈلگەندەك ھېسسىيات بېرىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەشەمەتلىك، دەبدەبىلىك ئەمەس، بەلكى ئاددىي ـ ساددا، تەرەققىيات جەريانى تەبىئىي، مانا بۇلار «چۈغلۇق قىز» رومانىنىڭ ئەڭ روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىدۇر.

رومانىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىدا كۆرۈلىدۇ. مارگارىت گۈزەل ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇپ، گەرچە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساپ ۋە ئالىيجانابلىقنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئۈمىد بىلەن ھەقىقىي مۇھەببەتلىك ھاياتقا ئىنتىلىدۇ، بۇنداق ئۈمىدى بەربات بولغاندىن كېيىن بولسا، ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا باشقىلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈشكە رازى بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ پاھىشىنىڭ ئوبرازىغا مۇقەددەس نۇر بەخش ئېتىدۇ. كىشىلەر ھازىر «چۈغلۇق قىز» دىگەن ئىسمىنى ئاغزىغا ئالسىلا، ئالدى بىلەن ئەسكە ئالىدىغىنى پەسكەش پاھىشە بولماستىن، بەلكى گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك، ھېسداشلىق قىلىشقا

ئەرزىيدىغان بىر ئايالدۇر.

ئەسەرنى ئوقۇغان چاغدا، ئاپتورنىڭ بىرىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىشتىن تاش-قىرى، يەنە ئاپتورنىڭ پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتى-نى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى بىلەن مىجەز - خۇلقىنى ئىپادىلەپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يا-رىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

روماندا ئاپتور مارگارىتنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

«ئامۇتتەك چىرايلىق، سوزۇنچاق يۈزىدىكى بىر جۈپ قارا كۆزلىرى بىلەن قىياقتەك ئەگىم قارا قاشلىرى ئۇنى سۈرەتكىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى، بۇ بىر جۈپ كۆزنى قاپلىۋالغان قويۇق كىرپىكلەر تۆۋەنگە تۆكۈلگەندە قىپقىزىل مەڭزلىرىگە سايە تاشلايتتى، ئەپچىلگىنە بۇرنى تولىمۇ ئۇز بولۇپ، سېھرىي قۇدرەتكە تولغانىدى، ھاۋايى - ھەۋەسلىك تۇرمۇشقا بولغان كۈچلۈك تەلەپ تۈپەيلىدىن بۇرۇن قاناتلىرى سىرتقا قاراپ كېرىلگەن، ئاغزى ئويماقتەك ئىدى. نازۇك لەۋلىرى ناز بىلەن سەل - پەل ئېچىلغاندا، سۈتتەك ئاپئاق چىشلىرى كۆ-رۈنەتتى. تېرىلىرى ئۈستىدىكى بىر قەۋەت ماموقتەك موبلار چىرايلىق رەڭ تۈزەپ شاپتۇلنىڭ تېخى قول تەگمىگەن پوستىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى».

يازغۇچىنىڭ كۆزىتىشى ئىنچىكە، تەسۋىرى دەلمۇ-دەل بولۇپ، ھاۋايى - ھەۋەس ۋە راھەت - پاراغەتلىك

تۇرمۇشقا مەستانە پاھىشىنىڭ ئوبرازى جانلىق يارىتىل-
غان، بۇ بىر ئابزاس تەسۋىردە بىر پاھىشىنىڭ ياسىنىش -
تارىنىشى بىلەن مىجەز - خۇلقى تەسۋىرلەنگەن.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjY1MzUuemlw",
"filename_decoded": "40326535.zip",
"filesize": 13376967,
"md5": "ceef74205a2c8aa5006bb97871ec0779",
"header_md5": "1d55cea24ab995a5056b6b24e3d8207f",
"sha1": "78e9db81bc85afd56baa8fd3f1cb331bbf656f33",
"sha256": "8e9d9ff4b86e3d49d6355d4e9bc911f89d4d6d03a0674cfd09617312d4756e82",
"crc32": 1709879485,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 13754807,
"pdg_dir_name": "\u258c\u2592\u2557\u00bf\u253c\u00ab \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326535",
"pdg_main_pages_found": 225,
"pdg_main_pages_max": 225,
"total_pages": 230,
"total_pixels": 630514208,
"pdf_generation_missing_pages": false
}